# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2000·4




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



مۇئاۋىن زۇڭلى ۋېن جىاباۋ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى.



كومىتېت باشلىقى لى پېڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرى مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىلان تۈزدى. كومىتېت باشلىقى لى پېڭ، مۇئاۋىن زۇڭلى ۋېن جىاباۋ قاتارلىق رەھبەرلەر ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنى يوقلىدى، ئۇلارنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى



ۋەكىل ھامىدىن نىياز پىكىر بايان قىلدى.



ۋەكىللەر ئاتۇشتا خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.



شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنىغا ئاتلاندى.



15 - مارت، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار «مەخپىيەتلىك ساقلاش قانۇنى» دىن ئىمتىھان بەردى. بېي فېڭ فوتوسى



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، قەشقەر، قىزىلسۇدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ۋە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئەسقەر فوتوسى

# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

مارت ئايلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن، باھار پەيزىگە چۆمگەن شىنجاڭ خەلقى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدىن تارالغان خۇشخەۋەرنى ئاڭلىدى.

خەلق سارىيىنىڭ قويۇق مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شىنجاڭ زالىدا لى پېڭ، ۋېن جياباۋ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شىنجاڭدىن كەلگەن ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى قاراپ چىقتى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭغا زور ئۈمىد باغلىدى. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يولداش تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: شىنجاڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئىنتايىن زور بولىدۇ. 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يولداش ۋېن جياباۋ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭدا يوشۇرۇن كۈچ بارلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئۈمىد زور ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يولداش لى پېڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. دېدى.

مەركەز رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىگە زور ئۈمىد باغلىدى. بۇ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن زور مەدەت.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭ ئۆزۈپ چىقالامدۇ - يوق؟ بۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى 17 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە ۋە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساق، نۇرغۇن پايدىلىق ئامىل بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان سېلىنغان نۇرغۇن ماددىي ئاساس، مول ۋە ئالاھىدە يەر ئۈستى، يەر ئاستى بايلىق ئەۋزەللىكى، ئىچكى - تاشقى قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىشنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى بار. يەنە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە قانۇنلاردا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قوللاشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى بىر قاتار يۆلەش تەدبىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىدىيە جەھەتتە ئارقىدا قېلىش، ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلما دېگەندەك مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق بىر قاتار پايدىسىز ئامىللارمۇ بار.

ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان گۈزەل شارائىت ۋە پايدىسىز شارائىتلارغا نىسبەتەن، نۆۋەتتە ھەممىدىن مۇھىمى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتۇر، بولۇپمۇ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى ۋە جياڭ زېمىن قاتارلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيىۋى باياناتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈش كېرەك، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئاساس، ھالقا، كىرىش نۇقتىسى ۋە كاپالىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. يىغىننىڭ روھىنى تولۇق ئىگىلەش ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئاجىز ھالقىلىرىغا قارىتا، بىرىنچىدىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۈچلۈك قانۇن كاپالىتى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئارقىلىق، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى دوستلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئىختىساسلىقلار قارشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، يەرلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى تۇتۇپ قېلىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە ئەۋزەل شارائىتلار بىلەن سىرتتىن ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئۆتكەللەرنى چىڭ تۇتۇپ، غەيرىي كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا ماھىيەتلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىم.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش شىنجاڭغا تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئېلىپ كەلدى ۋە غايەت زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلا بولسا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2000 - يىل 4 - سان

(ئومۇمىي 205 - سان) (20 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

باش مۇھەررىر: لەن شۆيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل

## ئوبزور

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولايلى --------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

## مەخسۇس خەۋەر

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشىدىن ئۈمىد زور --- لۇ ۋاڭخاۋ (4)

## يەرلىك نىزام

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىنى بېجىرىش چارىسى ---------------------------------------------- (8)

## مۇھىم ماقالە

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ---- مەھەممەت ئىسمايىل (12)

## بىلىم كۆزنىكى

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق ------------ (24)

## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر

شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ------------------------------ ئابدۇكېرىم يۈسۈپ (34)

## خىزمەت تەتقىقاتى

يەرلىك نىزاملارنىڭ لايىھىلىرىنى تۈزگۈچى سۇبيېكتلار توغرىسىدا ------------- قەلبىنۇر ئابلىھەت (39)

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، يۇقىرىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك ------------------------------ پاتىگۈل مۇھەممەت (41)

ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى توغرىسىدا ----------------------- توختىروزى مەتنۇرى (44)

باھالاشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پرىنسىپى ---------------------- جالال يۈسنكۈن (46)


## قانۇن تەتقىقاتى


«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇش كاپالەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا
---------------------------------------- رازىيە مۇھەممەت (50)


## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش


دېھقانلار يامان گەپلەردىن بىزار ---------------------- ئىدرىس قادىر (53)


## تارىختىن سۆز


نىيە خارابىسىنىڭ بايقىلىشى ---------------------- ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن (55)


## خەۋەرلەر


13 پارچە قىسقا خەۋەر ---------------------- (57)


## ئەترگۈل


ئىككى شېئىر ---------------------- مۇتەللىپ ئەھمىتباقى (كۆيچى) (63)
ئىككى رۇبائى ---------------------- پاتىگۈل ھېكىم (63)
ئاھ بىرلىككە كەلگەن ۋەتەن ---------------------- مۇختار يۈسۈپ (63)
كەئبە دەپ تىۋىندىم ئېھ يۇرتۇم ساڭا ---------------------- مۇتەللىپجان مۇھەممەد (ھىجرانى) (64)



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
نېكىستى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارساناىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 - 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 - قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشىدىن ئۈمىد زور

—شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدىكى مۇزاكىرىسىدىن خاتىرە

لۇ ۋاڭخاۋ

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويـ
غان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتې
گىيىسىنى يولغا قويۇش 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا
ئايلاندى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بۇنىڭغا
يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ قېتىمقى يە
غىنغا قاتناشقان شىنجاڭلىق 56 ۋەكىل شىنجاڭدىكى
17 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم
تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، زوڭلى جۇرۇڭجىنىڭ ھۆ
كۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى، كومىتېت
باشلىقى لى پېڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى
تېتىنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ۋە ئىككى
مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل قاراپ
چىقتى. ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە غەربىي
رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ئا
ساسەن، كەڭ ـ كۇشادە پىكىر بايان قىلىپ، غەربىي
رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن پىلان تۈزدى.

## مەركەز رەھبەرلىرى شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلدى

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي گەرچە 11 كۈنلا ئې
چىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي كومىتېت سىيا
سىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇ
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ،
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى،
مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، گو
ۋويۈەننىڭ مۇئاۋىن زوڭلىسى ۋېن جىياباۋ، مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش
لىقى تۆمۈر داۋامەت شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ پىلان، ما
لىيە، مىللىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى
دىكىلەرنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمى
تىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە
قاراپ چىقتى. 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كومىتېت باشلىقى
لى پېڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا شىنجاڭ ۋە
كىللىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش
شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت،
بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن مەن شىنجاڭنىڭ شارائىتىنى
تەھلىل قىلىپ شىنجاڭ چوقۇم ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ،
دېگەنىدىم. شىنجاڭنى ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى شارائىتقا
ئىگە، خەلقى ئىتتىپاق دېيىشكە بولىدۇ. بىز ھازىر
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، غەربىي
رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا
قويۇلدى. شىنجاڭدا دۆلەتكە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان
نېفىت، تەبىئىي گاز، رەڭلىك مېتال قاتارلىق كان
بايلىقلىرى مول، شىنجاڭ يەنە مەملىكەت بويىچە مۇ
ھىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى. شىن
جاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك
بەنزىلىرى بىلەن ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىتتى
پاقلىقى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
شىنجاڭدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ يادروسى، بۇ يادرو ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا
باغلىق. مۇشۇ شەرتلەر ھازىر بولغاندىلا شىنجاڭنىڭ
تەرەققىياتى تېز بولىدۇ، شىنجاڭ غەربىي رايوننى كەڭ
كۆلەمدە ئېچىشتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ،
باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ.

لى پېڭ يەنە شىنجاڭنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكىنى
قانداق جارى قىلدۇرۇشنى كېرەكلىكى، ئۇل مۇئەسسەسە
قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش كېرەكلىكى، دۆلەتنىڭ شىن
جاڭنى زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقى قاتارلىق مە

سىلىلەر توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم رايون، شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ياخشى ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىت كاپالىتى بولۇشى كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزدى، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. شىنجاڭ ئىزەلدىن تارتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغدىدى. بۇمۇ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى؛ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلار ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە، ئەگەر مىللەتلەر داۋاملىق ئىتتىپاق بولسا، مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ قوللىشى، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، شىنجاڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يولداش ۋېن جىاباۋ مەركەز ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ۋەكىللەرنى يوقلىدى ھەمدە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدا تۆت تۈرلۈك پىكىر بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىرىنچى، غەربىي رايونلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتا يېڭى ئىجتىمائىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرقىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى بازار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بۇ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز سۈرئەتتە ساغلام راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم تەدبىر. ئىككىنچى، شەرقىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي رايوننى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تەدرىجىي مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش، رايون ئىقتىسادىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم پىلان. ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 80% تىن كۆپرەكى غەربىي رايوندا، قۇرۇقلۇق چېگرىسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىمۇ غەربىي رايوندا. غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە چېگرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. تۆتىنچى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت» توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىش رايونلارنىڭ پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىپ ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر تەلىپى.

لى پېڭ، ۋېن جىاباۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ سۆزلىرى شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە زور مەدەت بەردى. ئۇلار مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىدىغانلىقىنى، مەركەز، گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماي، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## *شىنجاڭنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدىغانلىقىدىن ئۈمىد بار*

شىنجاڭ ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىققاندا، بۇ يىلقى بۇ بىر قانچە دوكلاتتىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار مۇنداق دېدى: بۇ يىلقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن قىسقا بوپتۇ، تەكەللۇپ سۆزلەر ۋە شەكىلۋازلىق تۈگىتىلىپتۇ، مەسىلىلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋەكىل ۋاڭ لېچۈەن

مۇنداق دېدى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا ئەڭ مۇھىمى مۇناسىپ سىياسەت تۈزۈپ چىقىش كېرەك. دۆلەت بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىپ غەربىي رايوندا قۇرۇلۇش قىلغاندىن باشقا ، مەركەز يەنە يېتەرلىك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويسا، غەربىي رايونلارنىڭ جەلپكارلىقى ئېشىپ، تەرەققىي قىلغان رايونلاردىن ئىختىساسلىق خادىم ، مەبلەغ ، تۇر كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ۋاڭ لېچۈەن يەنە مەركەزنىڭ باج، تۆمۈريول ترانسپورتى، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى تەۋسىيە قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ۋەكىل ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىمى بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشتەك مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك . ئۇ يەنە مۇنداق دېدى : غەربىي رايوننى ئېچىشنى تېزلىتىشتە ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلىشىمىز ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشىمىز ، بايلىقنى نوقۇل ھالدىلا ئېچىشتىن ئۇنۇمۇبرسال ئېچىشقا ئۆزگەرتىشىمىز ، ئەستايىدىل پىلانلىشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ۋەكىل ھامىدىن نىياز مۇنداق دېدى : غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن گۈنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بىرىنچىسى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، «كۈتۈش، تايىنىۋېلىش، ئېلىش» تەك كونا ئىدىيىنى چىقىرىپ تاشلاپ ئىجادچانلىق ئىدىيىسى ۋە خىزمەتنى ئىجادچانلىق بىلەن ئىشلەش روھى بويىچە تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. ئىككىنچىسى، سىياسەت، نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈچلۈك سىياسەت، قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تىنچ ـ ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىت ئىچىدە ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

شۆپېڭ، لىن تيەنشى قاتارلىق ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: مەركەز غەربىي رايونغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى ھەمدە شىنجاڭمۇ شەرقىي قىسىم دېگىز بويلىرىدىكى رايونلار بىلەن پائال ھەمكارلىشىشى، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى شەرقىي رايوننىڭ مەبلىغى، ئىختىساسلىقلار بايلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا شەرق بىلەن غەرب ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىدۇ.

ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆز رايونىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش پىلانى ۋە تەدبىرى توغرىسىدا كەڭ ـ كۆشادە پىكىر بايان قىلدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: شىنجاڭ چەت، چېگرا رايون، ئۇ بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، قىيىنچىلىق كۆپ، ئىختىساسلىقلار ۋە مەبلەغ كەمچىل. ئۇلار مەركەزنىڭ چەت ـ يىراق نامرات رايونلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ ئۇلارنى يۆلەشنى، نامرات، ئارقىدا قالغان، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىپ ، بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ مەركەزنىڭ پىلانى بويىچە ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشەنچىسى بارلىقىنى بىلدۈردى.

***خەلق قۇرۇلتايلىرى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىشى كېرەك***

ۋەكىللەر خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە

6

ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار كومىتېت باشلىقى لى پېڭنىڭ دوكلاتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىققاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىملىقىنى بىردەك تەكىتلىدى. ۋەكىل ھامىدىن نىياز مۇنداق دېدى: ئۆتكەن يىل شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات قولغا كەلدى، بولۇپمۇ نازارەتچىلىك، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدەندۇق ۋە بەزى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق. لېكىن بۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنە مەلۇم پەرق بار. بىز چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز. ۋەكىل ھامىدىن نىياز يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش مەسىلىسىنى قانۇن جەھەتتىن ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ۋەكىل يىن كېشېڭ مۇنداق دېدى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئالاقىدار قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ۋەكىل لى خۇڭگۇي، خويىلار مۇنداق دېدى: چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۇلار يەنە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئاممىغا ئېلان قىلىشنى، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىمۇ قايتا تەكشۈرۈپ ئېلان قىلىشنى، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قانۇن ئارقىلىق چەكلەشنى تەۋسىيە قىلدى.

ۋەكىللەر يەنە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ سېلىش، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە زۆرۈر بولغان قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ، غەربىي رايوننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

## شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. قۇرۇلتاي ھارپىسىدا نۇرغۇن ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى شىنجاڭدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى تۇشمۇتۇشتىن ئىزدەپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىكى «ئاخبارات پېرسوناژى» بولۇپ قالدى. ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشتىكى تەسەۋۋۇرى ۋە رولىنى بىلىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. قۇرۇلتاي يېپىلىشقا ئۈچ كۈن قالغانغا قەدەر شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلار 100 دىن ئېشىپ كەتتى. جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ 80 نەچچە ئاخبارات ئورنىدىن كەلگەن مۇخبىر شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى زىيارەت قىلدى، بەزى مۇخبىرلار زىيارەت قىلىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ۋەكىللەر يىغىن ئالدىراشچىلىقى بىلەن ۋاقىت چىقىرالمىغاچقا، ئۇلار بۇنىڭدىن ئەپسۇسلاندى.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى تەشۋىقات ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئىرادىسى ۋە تەدبىرىنى تولۇق خەۋەر قىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، بولۇپمۇ شىنجاڭنى ئېچىشتا ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ بەردى.

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بىجىرىش چارىسى

(2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

**(9 — 20 - نومۇرلۇق)**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بىجىرىش چارىسى» 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**

**2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى**

**1 - ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بېرىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىنى بىجىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارىدە ئېيتىلغان ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا توشىدىغان ۋەكىللىرى ياكى بىردىن ئارتۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا بەرگەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەسلى يازما تەكلىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) يەرلىك نىزامنى تۈزۈش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش تەكلىپى؛

(2) ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ھەققىدىكى قارار لايىھىسى، بېكىتمە لايىھىسى، سورۇشتۇرمە؛

(3) سايلام تەكلىپى؛

(4) قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپى؛

(5) مۇئەييەن مەسىلىنى تەكشۈرۈش تەكلىپى؛

(6) مۇشۇ ماددىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئويغۇن باشقا ئەسلى تەكلىپلەر.

**3 - ماددا** بۇ چارىدە ئېيتىلغان ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرى ۋەكىللەرنىڭ يالغۇز ياكى بىرلىشىپ ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر ھەققىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا يازما بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىنى كۆرسىتىدۇ.

**4 - ماددا** ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بېرىشى قانۇندا

بېرىلگەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى، خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىشىنىڭ مۇھىم شەكلى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەستايىدىل بېجىرىشى كېرەك.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، ۋەكىللەر ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە يىغىن ھەيئەت رىياسىتى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا تەكلىپ بېرىسە بولىدۇ. تەكلىپكە باشلامچى ۋەكىل ۋە قوشۇلغۇچى ۋەكىللەر ئىمزا قويۇشى كېرەك. ۋەكىللەر ئۆمىكى بەرگەن تەكلىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ 3 تىن 2 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا شۇ تەكلىپنى باشلامچى بولۇپ بەرگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىمزا قويۇشى كېرەك.

بىر تەكلىپتە بىرلا ئىش بولۇشى، تەلەپ ئېنىق بولۇشى، سەۋەبى، ئاساسى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش لايىھىسى بولۇشى كېرەك.

يەرلىك نىزامنى تۈزۈش، تۈزىتىش ۋە بىكار قىلىش تەلەپ قىلىنغان تەكلىپتە، شۇ تەكلىپنىڭ ئىزاھاتى ۋە ئاساسلىق مەزمۇن بولۇشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ۋاقتى ئۆتكەندە بېرىلگەن ياكى قوشۇلغۇچى ۋەكىللەر قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا توشمىغان ياكى قويۇلغان مەسىلە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان تەكلىپ ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**7 ـ ماددا** ۋەكىللەر ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەكلىپنى يىغىن تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى مۇشۇ چارىنىڭ 2 ـ، 5 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرگەندىن كېيىن، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يىغىن ھەيئەت رىياسىتىگە دوكلات قىلىدۇ، تەكلىپ ھېسابلاش ـ ھېسابلىماسلىقنى ۋە شۇ قېتىمقى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىكنى ھەيئەت رىياسەت بېكىتىدۇ. يىغىن كاتىبات باشقارمىسىدا سايلام خىزمىتى ئاپپاراتى قۇرۇلغاندا، سايلام تەكلىپنى شۇ ئاپپارات قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە يىغىن ھەيئەت رىياسىتىگە دوكلات قىلىدۇ.

ھەيئەت رىياسەت ماقۇللىغان تەكلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن دوكلاتنى ۋەكىللەرگە تارقىتىش كېرەك.

**8 ـ ماددا** ۋەكىللەرنىڭ ھەيئەت رىياسىتىنىڭ قارارى بىلەن تەكلىپ ھېسابلانغان ھەمدە شۇ قېتىمقى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپى توغرىسىدا تەكلىپ باشلامچىسى يىغىنغا ئىزاھات بېرىدۇ ھەمدە زۆرۈر ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تەكلىپ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشنى ھەيئەت رىياسەت بېكىتىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇناسىپ قارار، بېكىتمە چىقىرىلسا بولىدۇ؛ تەكلىپنى قاراپ چىقىش داۋامىدا يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلە يولۇقسا، ھەيئەت رىياسەت قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ بېكىتىشىگە سۇنۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى يىغىنىغا ئەنگە ئالدۇرۇشقا، ياكى دائىمىي كومىتېت نامىدىن دوكلات تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشقا ھوقۇق بېرىسە بولىدۇ.

ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپنى چوڭ يىغىندا ئاۋازغا قويۇشتىن بۇرۇن، تەكلىپ بەرگۈچى قايتۇرۇۋېلىشنى يازما تەلەپ قىلسا، ھەيئەت رىياسەتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، شۇ تەكلىپنى قاراپ چىقىش توختىتىلىدۇ.

ھەيئەت رىياسەتنىڭ قارارى بىلەن تەكلىپ ھېسابلانغان بولسىمۇ شۇ قېتىمقى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلمىگەن تەكلىپلەرنى ھەيئەت رىياسەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تاپشۇرىدۇ.

**9 ـ ماددا** ھەيئەت رىياسەت مۇشۇ چارىنىڭ 2 ـ، 5 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئەمەس

دەپ قارىغان تەكلىپلەر تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**10 - ماددا** دائىمىي كومىتېتقا تاپشۇرۇلغان تەكلىپلەر دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىش ئاپپاراتى مۇھاكىمە قىلىپ بېجىرىشكە تاپشۇرۇش پىكرىنى قويغاندىن كېيىن، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ بېكىتىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتى تەكلىپنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلار يىغىنىغا سۇنۇشى كېرەك. بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلات ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللىنىشى ھەمدە ئۇنىڭغا بىرىنچى جاۋابكار ئىمزا قويۇشى لازىم.

**11 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتىنىڭ تەكلىپنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنىدۇ ياكى دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ.

دائىمىي كومىتېت يىغىنى تەكلىپنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىققاندا، تەكلىپ باشلامچىسىنى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

دائىمىي كومىتېت يىغىنى تەكلىپنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتنى پىشماپتۇ دەپ قارىسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى قايتا قويىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان تەكلىپنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى يىغىنىغا تارقىتىش كېرەك.

**12 - ماددا** ۋەكىللەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىنى يىغىن كاتىبات باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ يىغىدۇ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن، قۇرۇلتاي يېپىلىپ بىر ئاي ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئالاقىدار تەشكىلاتلار ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىش ئاپپاراتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

ۋەكىللەرنىڭ بىر تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىدە بىرلا ئىش قويۇلۇشى، مەزمۇن ئېنىق بولۇشى، پاش قىلىش ۋە ئەرز - شىكايەتكە چېتىلىدىغانلىرىنىڭ كونكرېت پاكىت ۋە دەلىل - ئىسپاتى بولۇشى كېرەك.

**13 - ماددا** بېجىرگۈچى ئورۇنلار ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشى ھەمدە ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىشى كېرەك. ئىتتىكرەك بېجىرىشكە تېگىشلىك مۇھىم تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى دەرھال مۇھاكىمە قىلىپ بېجىرىش كېرەك؛ چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە بېجىرگىلى بولمىسا، بېجىرىشكە تاپشۇرغان ئورگاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان ھەمدە ۋەكىلگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، بېجىرىش ۋاقتى ئۇزارتىلسا بولىدۇ، لېكىن بىر يىلدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**14 - ماددا** بېجىرگۈچى ئورۇنلار ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكرىنى بېجىرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بېجىرىش تەرتىپىنى چىڭىتىپ، كوللېكتىپ مۇھاكىمە قىلىش، باشقۇرىدىغان رەھبەر،

مەسئۇل بولىدىغان تارماق ۋە بېجىرىدىغان ئادەم بولۇشى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك. بېجىرىش داۋامىدا، زىيارەت قىلىش، سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى ياكى باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق ۋەكىللەردىن پىكىر ئېلىنسا بولىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرگە بېرىلگەن جاۋابنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتىغىمۇ قوشۇمچە يوللاش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارماقلىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەكىللەرگە جاۋاب بەرگەن ھۆججەتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭىغىمۇ قوشۇمچە يوللىنىشى كېرەك. ۋەكىللەر بىرلىشىپ بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرگە جاۋاب بېرىشتە، بىرلەشكۈچى ھەر بىر ۋەكىلگە جاۋاب بېرىش كېرەك.

بېجىرگۈچى ئورۇننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە كىرمەيدىغان تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرگۈچى ئورۇن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بەش كۈن ئىچىدە بېجىرىشكە تاپشۇرغان ئورگانغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن قايتۇرۇشى، بېسىپ قويماسلىقى ياكى خالىغانچە باشقا ئورۇننىڭ بېجىرىشىگە بېرىۋەتمەسلىكى كېرەك.

ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرىنى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئورۇن بىرلىكتە بېجىرىشكە توغرا كەلسە، بېجىرىشكە تاپشۇرغۇچى ئورگان ئاساسلىق بېجىرگۈچى ئورۇن ۋە بىرلىكتە بېجىرگۈچى ئورۇننى بېكىتىدۇ، ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىشكە ئاساسلىق بېجىرگۈچى ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتى خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئالاقىدار تەشكىلاتلار بېجىرىدىغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرنىڭ بېجىرىلىشىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ؛ دائىمىي كومىتېت ئۆز تەركىبىدىكىلەر ۋە ۋەكىللەرنى بېجىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىسە بولىدۇ. ۋەكىللەر قانۇن بويىچە سوئال قويسا ياكى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ.

**16 ـ ماددا** ۋەكىللەر تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىش نەتىجىسىدىن رازى بولماي، قايتا بېجىرىشنى تەلەپ قىلسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر خىزمىتى ئاپپاراتى ئالاقىدار بېجىرگۈچى ئورۇننى قايتا بېجىرىشكە ھەمدە ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ئىش ئاپپاراتى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى، دائىمىي كومىتېت قاراپ چىققاندىن كېيىن ۋەكىللەر خىزمىتى ئاپپاراتى ئۇنى جەملەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىغا تارقىتىپ بېرىشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرىنى بېجىرىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ھەم مۇكاپاتلايدۇ، ئۇزاققىچە بېجىرمىگەن، جاۋابكارلىقىنى ئېتىرگەن، قول ئۇچىدا ئىش قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە تەنقىد ـ تەربىيە بېرىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولسا، بېجىرگۈچى ئورۇن مەسئۇلىنىڭ ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

**18 ـ ماددا** ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بېرىش، ئۇنى قاراپ چىقىش، بېجىرىش ئىشلىرىدا مۇشۇ چارىدىن پايدىلانسا بولىدۇ.

**19 ـ ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

مەھەممەت ئىسمايىل

(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى)

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش، شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەركەز ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا 524 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىننىڭ مۇھىم قارارلىرى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىقىش؛ ئۆلكە بويىچە ھۆكۈمەت مەمۇرىيىتىنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى بېكىتىش؛ ئۆلكىلىك مالىيە خام چوتىنى، نەق چوتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ كېڭىشى تەركىبىدىكىلەرنى ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى خادىملارنى سايلاپ چىقىش؛ ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىنى يىلدا بىر قېتىم ئېچىش؛ يىغىننى ئېچىش ۋاقتىدىكى كېڭەش ھەيئىتى بەلگىلەش، كېڭەش يىغىنىنى پەسىلدە بىر قېتىم ئېچىشنى قارار قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. ئۇ ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ دائىملىق ئورگىنى بولۇپ، يىغىن يېپىق مەزگىلدە ئىش بېجىرىدىغان ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ قۇرۇلدى. كېڭەشكە بىر رەئىس، بىر قانچە مۇئاۋىن رەئىسلەر سايلاندى. بورھان شەھىدى رەئىس بولدى.

1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى جەمئىي ئىككى قېتىم يىغىن ئاچتى. 2 - قېتىملىق يىغىن 1952 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىغا مەخسۇس مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن شىنجاڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ ئىسىملىكىنى ماقۇللىدى، بورھان شەھىدى مۇدىرلىققا تەيىنلەندى، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن باشلاپ 1954 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىق — خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئېچىلغان ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ يىغىن مەزگىلى، بۇ بىر مۇھىم ئۆتكۈنچى دەۋر بولدى. ئۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى قۇرۇپ چىقىشقا زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىدى.

شىنجاڭدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى 1954 - يىلى رەسمىي ئورنىتىلدى. «ئورتاق پروگرامما» ۋە 1953 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى 20 - قېتىملىق دائىمىي كېڭەش يىغىنىدا ماقۇللانغان «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار» غا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى 1954 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە

ئۇرۇمچىدە ئېچىلدى. يىغىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ لايىھىسى توغرىسىدىكى قارارنى بىردەك ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 21 ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ 213 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ تۇنجى يىغىنىدا شۇ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى سايلىماسلىق دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى يىغىندا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ سايلانمىدى. يىغىن يېپىق مەزگىلدە ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتى قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

1955 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆلكە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى تولۇق ھىمايە قىلدى. يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇندىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۆزگەرتىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بۇ ئەھمىيەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىشنى قۇتلۇقلاپ تەبرىك تېلېگراممىلارنى ئەۋەتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يولداش دۇڭ بىيۇۋ شىنجاڭغا كەلدى ۋە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. قۇرۇلتاي 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاشنى قارار قىلدى. يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ تەشكىلىي خادىملىرىنى سايلاپ چىقىشنى قارار قىلدى. يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسىنى، بىر قانچە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى، خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى تاكى 1964 ـ يىلغىچە ئۈچ نۆۋەت خەلق قۇرۇلتىيىدا 10 قېتىم يىغىن ئاچتى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاياغ ئاستى قىلىنىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قالايمىقانلىشىپ قېلىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلمىدى. 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۆتكۈزۈلمىدى. 1968 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھەم يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى، ھەم يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى بولۇشتەك قوش رەھبەرلىك فۇنكسىيىسى يۈرگۈزۈلدى. 1978 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە 1975 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى 122 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىملىق ئورگىنى ۋە ئىجرائىيە ئورگىنى شۇنىڭدەك يەنە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى ھېسابلاندى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق

ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەسىس قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئورگىنى بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قۇرۇلغان ئۆلكە دەرىجىلىك يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بولۇپ قالدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغان 53 كىشىنى سايلاپ چىقتى. تۆمۈر داۋامەتنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، تەن يۈلىن، ۋاڭ جىنۋېن، ئېرغالى، ياڭ يىچىڭ، سىدىق موسايوف، لۇشۆبىن، ماھىنۇر قاسىم، جاڭ فېڭچى، جاۋيۈجىڭ، يۈجەنلىن، ئامانتۇر، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، مەخسۇت تېيىپوۋ، ۋاڭ خېتىڭنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ۋاڭ جېنۋېننى باش كاتىپلىقىغا سايلىدى. ئىسمايىل ئەھمەدنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە، سۇڭ جىخې، ھامىدىن نىياز، بەي چېڭمىڭ، جانابىل، جاڭ سىمىڭ، بادەي، تيەن جۇڭ، ليۇزىمۇ، ئىسمايىل ياسىنوۋ، شيې گاۋجۇڭ، ئىمىنوۋ ھامۇت، توختى سابىرلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىدى. نۇرىيوف ئەنۋەرنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ليۇفېنشېڭنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن باشقۇرۇلىدىغان چېگرا رايونلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئېلاننى ماقۇللىدى. بۇ ئېلىمىزدە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈزۈپ چىقىلغان تۇنجى يەرلىك نىزام بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ قالدى. يىغىن مەھەممەت ئىسمايىلنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 ـ يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا قانۇنچىلىق كومىتېتى تەسىس قىلىنىش توغرىسىدىكى بېكىتمە ماقۇللاندى، يىغىن مۇئاۋىن مۇدىر ۋاڭ جېنۋېننىڭ قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئابدۇرېھىم لېتىپنى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئالتە دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلگەندىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتكە قويغان ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە نىزام تۈزۈش كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار ماقۇللىدى. يىغىن سەيپۇللايوف، ليۇسىسۇڭنى ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى — ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى شۇنداقلا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئاپتونومىيە ئورگىنىدۇر، 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە باشقا قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر قېتىم يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ: ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە مەمۇرىي نىزاملارغا رىئايە قىلىنىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ دۆلەت پىلانى ۋە دۆلەت خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا، قانۇنلىرىغا ۋە مەمۇرىي نىزاملىرىغا زىت كەلمەسلىك شەرتى ئاستىدا يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە باشقا قانۇنلاردا

بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى شۇنىڭدەك خام چوت، ئەق چوتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، خەلق ئىشلىرى، مىللىي ئىشلار خىزمەتلىرىگە دائىر چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە قارار چىقىرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارارلىرىنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ ياكى بىكار قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان خادىملارنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسىنى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلايدۇ ياكى ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلايدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن خىزمەت ئىشلەيدۇ. يەرلىك قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە جەمئىي بەش قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆزىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ئىچىدە جەمئىي 20 قېتىم سانلىق يىغىن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا 14 يەرلىك نىزام ۋە قانۇن كۈچىگە ئىگە قارار، بېكىتمىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلى قانۇن چىقىرىشنىڭ باشلىنىش باسقۇچى بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى، خىزمەت تەركىبىگە دائىر بەلگىلىمىلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلدى.

1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىدا 47 نەپەر كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ياڭ يىچىڭ، لوشۇبىن، راھىر ساۋدانوۋ، رېن گېبەي، ئابلىز مۇھەممىدى، خۇاڭ يۇچىڭ، باھىنۇر قاسىم، يۇجەنلىن، مەخسۇت تىيىپوف، ۋاڭ خېتىڭ، قۇسايىن سىيابايوفلار دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى. ئابدۇرېھىم لېتىپ باش كاتىپلىققا سايلاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى خادىملار جەمئىي 83 بولۇپ، بۇلاردىن ئىسمايىل ئەھمەد ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە؛ تيەن جۇڭ، توختى سابىر، خۇاڭ باۋجاڭ، قېيىرباي، سۇڭ خەنلياڭ، يۈسۈپ مۇھەممىدىلەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە؛ نۇرىيوف ئەنۋەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا؛ مىجىت قۇربان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى (1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە) شارشەنبىك سىدىق (قىرغىز) نى 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلىدى، يىغىندا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، تەشكىلاتلار، قىسىملار، مەكتەپلەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلاردىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ

ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شىنـ
جاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن
ئوبدان تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خـەلق قـۇ-
رۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنى 1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ
كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە ئېچىلغاندىن كې-
يىن يەنە شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىـ
گىچە 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى
ئېچىلدى. يىغىندا ۋەكىللەر پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك
قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك
پارتكوم 6 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ رو-
ھىنى ئۆگەندى ۋە ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقلىـ
رىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى ھەمدە پارتىيىنىڭ مەملىـ
كەتلىك قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «7 ـ بەش يىللىق پىـ
لان» نى تۈزۈش توغرىسىدىكى تـەكـلـىپ، «7 ـ بـەش
يىللىق پىلان» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي يېتەكچى
پرىنسىپلار، ئاساسلىق كۈرەش نىشانلىرى، ئىستراـ
تېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلار ۋە فاڭجېن، سىياسەتلەر
شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ ھېـ
سابلىدى. ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نـۆۋەتـلـىك
پارتكوم 6 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ئـېـلان
قىلىنغان، مەركەز تەستىقلىغان ئاپتونوم رايـونـىـنىڭ
يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئاپتـونـوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى بىر قىـ
سىم خادىملارنى تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى
قارارنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تۆمۈر
داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائـىـمـىي
كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى. ئىسمايىل
ئەھمەد ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇلدى.
سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىـ
دىن قالدۇرۇلدى. ھامىدىن نىياز ئاپتـونـوم رايـونـلـۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا،
لى جيايۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى. تۆمۈر داۋامەت
ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە، جىن يۈنخۈي، ماۋـ
دېخۋا مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خـەلق قـۇ-
رۇلتىيى 5 ـ يىغىنى 1986 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈ-
نىدىن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا
ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بەرگەن
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 7 ـ بەش يىللىق
پىلان لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئاڭلاپ ئۆتتى
ۋە قاراپ چىقىپ مۇنداق ھېسابلىدى: 6 ـ بەش يىللىق
پىلان مەزگىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىسـ
تىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلـەر
قولغا كەلتۈرۈلگەن، ئىگىلىك تەرەققىي قىـلـغـان،
جەمئىيەت تىنچ بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان،
چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن، خەلق تۇرمۇشى
كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان، قىسقىسى، شىنجاڭ ئازاد
بولغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى مەزگىللەرنىڭ بىرى بو-
لۇپ قالدى. ئۇ «7 ـ بەش يىللىق پىلان» نى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.
«7 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلى ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ۋە ئىگىلىـكـنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق مەزگىل ھېسابلىنىدۇ
. ۋەكىللەر ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن
ئىتتىپاقلىشىپ، «7 ـ بەش يىللىق پىلان» نى ئەمەلگە
ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈللەنگەن، مەدەنىي،
باي شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئورتاق تى-
رىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ قېتـىـمقى يـىـ
غىندا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، ۋەكىللەر
كۆڭلىدىكى گەپلەرنى تولۇق دېيەلىدى. «7 ـ بەش يىلـ
لىق پىلان» توغرىسىدىكى دوكلاتنىڭ ئالتە يېرى مەز-
مۇن جەھەتتىن تولۇقلاندى. 7 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ
كەم يېرىگە ۋەكىللەرنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىندى. تۈ-
زىتىش كىرگۈزۈلگەن «7 ـ بەش يىللىق پىلان» لايىـ
ھىسى توغرىسىدىكى دوكلات تەستىقلاندى.

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى
شۇكى، يىغىنغا قاتناشقان ھۆكۈمەت ۋە ھـۆكـۈمـەت
فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى پارتكومىنىڭ
چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئـەمـەلـىي
ھەرىكىتى ئارقىلىق رەھبەرلىك ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ
، يىغىن مەزگىلىدە تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىـنىـپ
ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل جاۋاب بەردى ۋە ئۇنى
بېجىردى، مەسىلەن: ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ئۇ-

رومچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردا ياشانغانلار ئامبولاتورىيىسى تەسىس قىلىش مەسىلىسى؛ جايلاردىكى ئۆپكە تۇبېركولىيوز كېسەللىكلىرىنى ھەقسىز داۋالاش مەسىلىسى؛ بەزى جايلارنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى، قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى قاتارلىقلارنى يىغىن مەزگىلىدە ھەل قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە رەئىس تۆمۈر داۋامەت جايلاردىن كەلگەن مەسئۇللارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يوليورۇقىدىن خەۋەرلەندۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 6 ـ يىغىنى 1987 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە سايلام مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە بۇ ھەقتە مۇناسىپ قارار چىقىرىلدى'. قاراردا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 550 نەپەر بولىدۇ. يېزىلاردا ھەر 70 مىڭ ئادەمدىن بىر ۋەكىل، شەھەر، بازارلاردا ھەر 14 مىڭ ئادەمدىن بىر ۋەكىل سايلىنىدۇ. نوپۇس بەك ئاز ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيىلەردىن سايلىنىدىغان ۋەكىل ئىككىدىن كەم بولمايدۇ. يىغىن نورىيوف ئەنۋەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش قارار قىلىندى، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قۇربان روزىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

1983 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە بولغان 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە 26 يەرلىك نىزام، قانۇن كۈچىگە ئىگە قارار ۋە بېكىتمىلەر تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن نىزام تۈزۈش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، سۈپەت ۋە قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىلگىرىلەش بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى 1988 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. ۋەكىللەر قۇرۇلتايدا بېرىلگەن ئالتە دوكلاتنى ئاڭلاپ ۋە ئەستايىدىل قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان «6 ـ بەش يىللىق پىلان» نىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە بىر قاتلاشنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى. شۇنىڭدەك، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلىگەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ۋەكىللەر يىغىن جەريانىدا بىر «قىزىق» نۇقتا ئۈستىدە قىزغىن غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىز تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىك مەسىلىسى بولدى. ۋەكىللەر بۇ توغرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە تەنتەربىيە كومىتېتىغا سۈرۈشتۈرمە قويدى. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتچىلىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇ سۈرۈشتۈرمىنى سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن كاتىبات باشقارمىسى مەخسۇس ئۇيۇشتۇرغان بىر قېتىملىق يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قادىر سوپى سۈرۈشتۈرمە قويغان ۋەكىللەرگە جاۋاب بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدېخۋا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوف ھامۇت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ۋەكىللەرنىڭ تەنقىدىنى ۋە نارازىلىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە تەنتەربىيىدە قەد كۆتۈرۈش جېڭىنى ياخشى قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ۋە ئىرادىسىنى بىلدۈردى. يىغىن يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ھامىدىن نىيازىنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا؛ لى جيايۇ، زاھىر ساۋدانوف، ماھىنۇر قاسىم، چېن شىفۇ، مەخسۇت

تېيىپوف، شارشىبېك سىدىق، جاڭ شيـاۋپـىڭ، مـاسىڭلياڭ، قۇرمان ئەلى، ئابدۇرېھىم لېتىپ، شۈيېڭ، تۆربايىسرلار ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ياسىن ناسىرنى باش كاتىپلىققا سايلىدى. 37 كىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى. يىغىن يەنە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن تۆمۈر داۋامەتنى ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە، خۇاڭ باۋجاڭ، توختى سابىر، قېدىرباي، جىن يۈنخۇي، يۇسۇپ مۇھەممىدى، ماۋدېخۇالارنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، قۇربان روزىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مىجىت قۇرباننى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان 59 ۋەكىل سايلاندى. 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنى (5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە) ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى قىلىشنى قارار قىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ نامىنى مىللەتلەر ـ دىن ـ مۇھاجىرلار كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى، پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتىنىڭ نامىنى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. يىغىن تۇنجى قېتىم يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. يىغىن ليۇ لۇيجۇڭنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، 38 كىشىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا، كومىتېت ۋە نازارەت، ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بەش قېتىم چوڭ يىغىن ئاچتى. (1989 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى؛ 1990 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە 3 ـ يىغىنى ئېچىلدى) 1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ يىغىنىدا، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىدە دائىمىي رەئىس قويۇش توغرىسىدىكى بېكىتمە ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى 1991 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېچىلدى. يىغىندا ئالتە دوكلات قاراپ چىقىلىپ، مۇناسىپ قارار چىقىرىلدى. يىغىن چېن شىفۇنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، جىن يۈنخۇينىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. يىغىن جاڭ سىشۆ، شى گېڭ، ئابلايوفنى 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ۋاڭ لېچۈەن، قېيۇم باھاۋۇدۇن، ۋاڭ يۇسەننى ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېچىلغان 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 ـ يىغىنىدا ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى دۇڭخۇي ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. 1992 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا قىرغىز يېزىقى رەسمىي ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلتايدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل يېزىقلىرىغا قىرغىزچە قوشۇلۇپ بەش خىل يېزىق ئىشلىتىلىدىغان بولدى. 1988 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە بولغان 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە 39 يەرلىك نىزام ۋە قانۇن كۈچىگە ئىگە قارار، بېكىتمىلەر تۈزۈپ چىقىلىپ يولغا قويۇلدى. بۇ نۆۋەتتە قانۇننىڭ قېلىپلىشىشى بىر قەدەر ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا يېڭى

بىر نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يىغىنىغا بېرىلگەن ئالتە دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ئەستايىدىل قاراپ چىقتى ، ۋەكىللەر ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەر ۋە 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەردىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، دوكلاتلار توغرىسىدا مۇناسىپ قارارلار چىقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ يېڭى بىر قارار رەھبەرلىرى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە پىكىرلەشتى. يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ھامىددىن نىيازنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ، شېي فۇپىڭ ، قېيىمباي ، يۈسۈپ مۇھەممەدى ، تۆرباير ، شۆپېڭ ، ماسۇنليالڭ ، شېي خۇڭ ، خوجىخان ھاكىموف ، ئامىنە غاپپارلارنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ، مەھەممەت ئىسمايىلنى باش كاتىپلىققا ، 43 كىشىنى كومىتېت ئەزالىقىغا سايلىدى. تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە ، ۋاڭ لېچۈەن ، ئابلەت ئابدۇرېشىت ، ۋاڭ يۈسەن ، غوپۇر ئابدۇللا ، لى دۇڭخۇي ، ئەسقەت كېرىمباي ، جاڭ خېڭ ، مىجىت ناسىر مۇئاۋىن رەئىسلىككە ، قۇربان روزى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ، مىجىت قۇربان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە ، 58 كىشى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ، «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىرى ، مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئەزالىرىنى تەيىنلەش ھەققىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. يىغىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتى ۋە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. يىغىن يەنە رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ، ھۆكۈمەت خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر تۈركۈم مەسئۇللىرىنى ، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ۋە باش تەپتىش مىجىت قۇرباننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئىسمايىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى ؛ دائىمىي كومىتېتنىڭ 5 - يىغىنىدا ، ئابلەت ئابدۇرېشىتنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە قويۇش توغرىسىدىكى قارار ، تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. 1994 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېچىلغان 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە ، يۈسۈپ ئەيسانى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنى تۇنجى قېتىم جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ، دېھقانچىلىق نازارىتى ، يېنىك سانائەت نازارىتى نازىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى. 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇنجى قېتىم ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەتچىلىرىدىن قانۇن بىلىملىرى ئىمتىھانى ئالدى. 1995 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئېچىلغان 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق ، مىللىي يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامىنى ماقۇللىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى 1995 - يىل 2 - ئاينىڭ

18 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى
يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك تـە-
زامى ماقۇللاندى. دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇ-
دىرى شي خۇيگىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش لايىھە-
سىنى ماقۇللىدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ 14 ـ يىغى-
نىدا جاڭ يۈنچۈەننى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىس-
لىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. دائىمىي كومىتېت-
نىڭ 15 ـ يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئىش قائىدى-
سىنى ماقۇللىدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ 18 ـ يىغى-
نىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتى تەيىنلىگەن قاتناش نازارىتى، پەن ـ تېخنىكا
كومىتېتى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى، مەدەنىيەت نازارىتى
ۋە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتار-
لىق ئورۇنلارنىڭ بەش نەپەر نازىر، ئىدارە باشلىقى ۋە-
زىپە ئۆتەش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى ۋە ئۇلارنىڭ
خىزمىتى باھالاندى. دائىمىي كومىتېتنىڭ 19 ـ يى-
غىنىدا ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراش ئىلتىماسىنى
قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. 1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ
31 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن رەئىس
ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىل-
غىچە بولغان كەلگۈسى پىلان پروگراممىسى توغرىسى-
دىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى. ۋەكىللەرنىڭ ئەستايىدىل
قاراپ چىقىشى بىلەن بۇ دوكلات ماقۇللاندى. يىغىن
قېدىرباي قاتارلىق دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى تۆت
كىشىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراش ئىلتىماسىنى
، ۋاڭ يۈسەن، ئەسقەت كېرىمباينىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ
مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراش ئىل-
تىماسىنى، قۇربان روزىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن
ئىستېپا سوراش دوكلاتىنى ۋە مىجىت قۇرباننىڭ ئاپ-
تونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش
تەپتىشلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراش ئىلتىماسى-
نى قوبۇل قىلدى. يىغىن قادىر جانابىل، سۇي
گۇاڭخۇا 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ۋاڭ خۇەييۇ، دە-
لىلقان مامىقاننى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلى-
كىگە، ئابدۇرېھىم قادىرنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مەھەممەت
يۈسۈپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى-
نىڭ باش تەپتىشلىكىگە تولۇقلاپ سايلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنى 1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ
كۈنى ئېچىلدى. يىغىن ئالتە دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قا-
راپ چىقىپ، مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26 ـ يىغىنىدا ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
ئاپپارات ئىسلاھات لايىھىسى ماقۇللاندى ۋە ھەر قايسى
كومىتېت، ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋەزىپىگە
تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى.
مۇدىر ھامىدىن نىياز 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «جىنايى
ئىشلار قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ
مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.
دائىمىي كومىتېتنىڭ 27 ـ يىغىنىدا چوڭ يىغىنىدا
پىكىر قىلىش تۈنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە يولغا
قويۇلدى. كومىتېت ئەزالىرى ھەر قايسى خىزمەت
دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقىشقا بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ يى-
غىندا پىكىر قىلىپ، تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىر بەردى
. 1993 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە بولغان ئاپتونوم رايون-
لۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە
مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يى-
غىنىنىڭ روھى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلمىسىدىكى
«دۆلەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قو-
يىدۇ»، «دۆلەت ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشنى كۈچەي-
تىدۇ، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى مۇكەممەل-
لەشتۈرىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن ھەمدە مەم-
لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئوت-
تۇرىغا قويغان بەش يىللىق قانۇن چىقىرىش يىرىك
پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز مۇشۇ بەش يىل-
لىق قانۇن چىقىرىشتا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىس-
تىك بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قى-
لىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى نىشان، ئىقتىسادىي

قانۇن چىقىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلدى. قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇ قارار ئىچىدە يەرلىك نىزام ۋە قانۇن كۈچىگە ئىگە قارار، بېكىتمىدىن 114 نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ 5 ـ 6 ـ 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە چىقىرىلغان يەرلىك قانۇن ئومۇمىي سانىنىڭ 1.4 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئۇنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. چىقىرىلغان ئومۇمىي نىزام ۋە يەككە نىزاملار ئىچىدە ئىقتىسادقا ئائىت بولغىنى 50% نى ئىگىلىدى. ئالدىنقى بىر قانچە نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سېلىشتۇرغاندا 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە ئىشلەنگەن قانۇنلارنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. چىقىرىلغان نىزاملارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، قوللىنىشچانلىقى ۋە ئىشلىتىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇش تەلەپ قىلىندى. قانۇن چىقىرىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈلدى. مەسىلەن: 1997 ـ يىلىنى ئالساق، ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك نىزام ئەڭ كۆپ چىقىرىلغان بىر يىل بولدى. بۇ يىل ئىچىدە جەمئىي 43 نىزام قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىك بارلىققا كەلدى. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي قانۇن سالمىقى زور بولدى. ئىككىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش تەدبىرى بىلەن ئىسلاھات تەدبىرى زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. قانۇن چىقىرىشنىڭ ئالدىن ماڭارلىق خاراكتېرى، يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇش فۇنكسىيىسى كۈچەيتىلدى. مەسىلەن: «تارىم ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» غا خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتقان يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى كىرگۈزۈلۈپ، چوڭ ـ چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن بىۋاسىتە تۇرغۇزۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى. يەنە بىر جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان كەسپىي يېتەكچىلىك كۈچەيتىلدى.

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى 1998 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىن ئالتە دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقىپ بۇ ھەقتە مۇناسىپ قارار ماقۇللىدى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلات» ى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» تىن ئىبارەت فاڭجېننى چىڭ ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، كۈرەش نىشانى ۋە ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىغان ئۆتكەن بەش يىل بەكمۇ ئۆزگىچە بەش يىل بولدى؛ يەنى ئۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا داۋاملىق دادىل قەدەم بىلەن ئالغا باسقان بەش يىل بولدى؛ تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بەش يىل بولدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى تېز يۈكسەلگەن، پۇل پاخاللىقى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن بەش يىل بولدى؛ شۇنداقلا مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان بەش يىل بولدى. مۇشۇ ئاساستا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلەپ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، گۈللەپ ياشنىغان يېڭى مەنزىلگە قەدەم قويدۇق. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولدى. يىغىن نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئېلىپ بېرىپ ھامىدىن نىيازنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، شۇ پېڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىر جانابىل، خوجىخان ھاكىموف، سۇلايمان نىيەتقۇل، ماجيەنگونى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مەھەممەت ئىسمايىلنى باش كاتىپلىققا، 44 كىشىنى دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا

سايلىدى؛ ئابلەت ئابدۇرېشىتنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە، جاڭ يۈنچۈەن، غوپۇر ئابدۇللا، ۋاڭ خۈيىيۇ، دەلىلقان مامىقان، شيۇڭ خۈيىن، مەتتىمىن زاكىر، جاڭ جۈ، ئابدۇقادىر نەسىردىننى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئابدۇرېھىم قادىرنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مەھەممەت يۈسۈپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، 59 كىشىنى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىدى. 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. يىغىن تۇرسۇن سادىرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا ۋە 31 نەپەر كادىرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى ئىشخانا، كومىتېت، نازارەت ۋە ئىدارىلىرىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى كومىتېت ۋە ئىشخانا مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا مەھەممەت روزىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكى خادىملار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالاقىدار ئىشلارنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نامىدا «ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە بىر پارچە خەت» ئېلان قىلدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى ماقۇللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىن ئالتە دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقىپ، مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىدى. يىغىن مەھەممەت روزىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش چارىسى ماقۇللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش يېڭى باسقۇچى بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، يېڭى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگۈسى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان «قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، 2010 ـ يىلىغا بارغاندا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش» تەلىپىگە ئاساسەن، يەرلىك قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىشنى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەش يىل ئىچىدە (2002 ـ يىلغىچە) جەمئىي 101 يەرلىك نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەت دەرىجىلىك توققۇز خىزمەت كومى-

تېتى، بىر ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار: قانۇنچىلىق كومىتېتى، ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتى، مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى، مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتى، مۇھىت ئاسراش كومىتېتى، مىللەت - دىن - مۇھاجىرلار - تاشقى ئىشلار كومىتېتى، ۋەكىللەر - كادىرلار كومىتېتى ۋە بەنگۇڭتىڭدىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چاقىرىدۇ. ئادەتتە، ھەر يىلى بىر قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى زۆرۈر دەپ قارىسا، 1/5 قىسىم ۋەكىللەر تەكلىپ قىلسا، يىل ئارىلىقىدا يەنە بىر قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىشقا بولىدۇ. چوڭ يىغىن چوقۇم 2/3 دىن كۆپ ۋەكىل قاتناشقان ئەھۋالدا ئېچىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى دائىمىي كومىتېت مۇدىرى رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلىدۇ. ھەر ئىككى ئايدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا ۋاقىتلىق ئېچىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە باش كاتىپتىن تەشكىل قىلىنىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ دائىملىق مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدە، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپلا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا دائىر بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئاساسىدا ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە باشتىن - ئاياغ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئۆز قۇرۇلۇشىغا دائىر بېكىتمىلەرنى ئېلان قىلدى. 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىنى بېكىتتى. بۇنىڭدا كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ئېنىق تەلەپلەر قويۇلدى. دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ قانۇنلۇق ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك نىزام تۈزۈشنىڭ قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى. 1988 - يىلى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىش قائىدىسى بېكىتىلدى. 1993 - يىلى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش قالدۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمە قاتارلىق نىزام، قارار ياكى بېكىتمىلەر تۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە زىچ ماسلىشىش ئۈچۈن، قانۇنلارغا ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، يېڭى قانۇن تۈزۈش، زور مەسىلىلەر ھەققىدە قارار، بېكىتمىلەرنى تۈزۈش، نازارەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىشلەش كاپالىتىگە ئىگە بولدى. دائىمىي كومىتېت ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇشى بىلەن دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھىم ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىگە ۋە مۇزاكىرە قىلىشىغا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقتا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپى بىلەن دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مۇددىئاسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك خىزمەتنى ئاپتونوم رايونىنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە بويسۇندۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، قانۇنىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

**26 . ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئاۋازغا قويغاندا، ھەيئەت رىياسەتنىڭ بېكىتىشى ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسى ئىشلىتىپ ئاۋازغا قويىدۇ.

ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسى ھەر بىر ۋەكىل ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ماشىنىنىڭ ئاۋاز بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ كونۇپكىسى بولۇپ، قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسە يېشىل كونۇپكا، قارشى تۇرۇپ ئاۋاز بەرسە قىزىل كونۇپكا، ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ ئاۋاز بەرسە سېرىق كونۇپكا بېسىلىدۇ. ھەر كونۇپكىنىڭ ئاستىدا خەنزۇچە ئىزاھلاپ يېزىلغان خېتى بولىدۇ.

ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنىڭ ئېكرانىدا ۋەكىللەرگە «ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ بولدىڭىز»، «ئاۋاز بېرىڭ»، «ئاۋاز بېرىپ بولدىڭىز»، «كاشىلا بار»... قاتارلىق ئۇچۇرلار كۆرسىتىلىپ تۇرىدۇ.

. يىغىنىنىڭ ئىجرائىي رەئىسى: «ھازىر ئاۋازغا قويۇش باشلىنىدۇ، ئاۋازغا قويۇش كونۇپكىسىنى بېسىڭ» دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن تەڭلا، ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنىڭ ئېكرانىدا: «ئاۋاز بېرىڭ» دېگەن خەتلىك چىراغ يانىدۇ. ۋەكىل شۇنىدىن كېيىن ئاۋاز بېرىشكە كىرىشىدۇ.

ئاۋاز بەرگەندە، ۋەكىل ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە، ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنىڭ «قوشۇلىمەن»، «قارشى تۇرىمەن»، «ھوقۇقۇمدىن ۋاز كېچىمەن» دېگەن ئۈچ كونۇپكىنىڭ ئۆزى خالىغان بىرسىنى تاللاپ باسىدۇ. ئۇنىڭ قولى كونۇپكىدىن ئايرىلغاندا، ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنىڭ ئېكرانىدا «ئاۋاز بېرىپ بولدىڭىز» دېگەن خەتلىك چىراغ يانىدۇ. دېمەك، ۋەكىلنىڭ شۇ تۈرلۈك تەكلىپ لايىھىسىگە ئاۋاز بېرىشى ئاياغلاشقان بولىدۇ.

ۋەكىللەر ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىگە دىققەت قىلىشى لازىم: 1) كونۇپكىنى باسقاندا پەقەت بىرلا كونۇپكىنى بېسىش، باشقىلىرىغا قول تەگكۈزمەسلىك كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا سەۋەنلىك سادىر بولىدۇ. 2) يىغىنىنىڭ ئىجرائىي رەئىسى: «ھازىر ئاۋازغا قويۇش باشلىنىدۇ، ئاۋازغا قويۇش كونۇپكىسىنى بېسىڭ» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن كونۇپكىنى بېسىش كېرەك، ئالدىن بېسىشقا بولمايدۇ. 3) ۋەكىل چوقۇم ئۆزى ئولتۇرىدىغان جايدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ ئاۋاز بېرىش لازىم. ئاۋاز بېرىشنىڭ نەتىجىسى تەسىرگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، باشقا ئورۇندا ئولتۇرغان ۋەكىلنىڭ ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنىڭ كونۇپكىلىرىغا چېقىلماسلىق كېرەك. تەييارلىق يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ئورۇندا ئولتۇرۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەمما ئاۋاز بەرگەندە ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئاۋاز بېرىش كېرەك. 4) ئەگەر ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنىڭ ئېكرانىدا «كاشىلا بار» خەتلىك چىراغ يانسا، دەرھال نەق مەيداندىكى خىزمەتچى خادىملارغا ئۇقتۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدۇرۇش كېرەك. 5) ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسىنىڭ كابېل سىمى يىغىن ئۈستەللىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. كاشىلا چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاسراشقا دىققەت قىلىش لازىم.

**27 . دۆلەت ئورگانلىرىدىكى قايسى خادىملار ۋەكىللەرنىڭ سايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ؟**

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋە رەھبىرىي خادىملارنى سايلاپ چىقىش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھىم ھوقۇقلىرىدىن بىرى.

1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقىنى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، باش كاتىپىنى ۋە كومىتېت ئەزالىرىنى؛ دۆلەتنىڭ رەئىسىنى، مۇئاۋىن رەئىسىنى؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسىنى؛ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى؛ ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاپ چىقىدۇ.

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى سايلاپ چىقىشنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدىغان دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار نامزاتىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى كۆرسىتىدۇ، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى غۇلغۇلا قىلىپ، مەسلىھەتلىشىدۇ، ئاندىن ھەيئەت رىياسەت كۆپ ساندىكى ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن رەسمىي نامزاتنى بېكىتىپ، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ۋەكىللەرنىڭ بېلەت تاشلاپ سايلىشىغا سۇنىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، باش كاتىپ؛ دۆلەتنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى؛ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى پەرقسىز سان سايلىمى ئارقىلىق سايلىنىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى پەرقلىق سان سايلىمى ئارقىلىق سايلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ھەر قايسى ۋەزىپىگە سايلىنىدىغان نامزاتلار ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ بېلىتىگە ئېرىشسە سايلانغان بولىدۇ.

2) ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: تورلۇك ۋەزىپىدىكى سايلانغۇچىلار نامزاتىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى ۋەكىللەر قانۇن بويىچە بىرلىشىپ كۆرسىتىدۇ. كۆرسىتىلگەن نامزات سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلسە، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ غۇلغۇلا قىلىشىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، بېلەت تاشلاپ سايلام ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزات سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتسە، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى نامزاتلارنى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ غۇلغۇلا قىلىشى ۋە مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تەييارلىق سايلىمى ئېلىپ بېرىپ، سايلامدا ئېرىشكەن بېلەت سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك تەرتىپى بويىچە، سايلام چارىسىدە بېكىتىلگەن پەرقلىق سان ئۆلچىمىگە ئاساسەن، رەسمىي نامزات تىزىملىكىنى بېكىتىپ بېلەت تاشلاپ سايلام ئېلىپ بارىدۇ. تورلۇك ۋەزىپىگە سايلىنىدىغان نامزاتلار بارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ بېلىتىگە ئېرىشەلىسە ئاندىن سايلانغان بولىدۇ.

3) يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسىنى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى، يېزا باشلىقىنى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىنى، بازار باشلىقىنى، مۇئاۋىن بازار باشلىقلىرىنى سايلايدۇ. سايلامنىڭ تەرتىپى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام تەرتىپى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**28 . دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى قايسى خادىملارنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىدۇ؟**

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى، مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ھەر قايسى مىنىستىرلىكنىڭ مىنىستىرلىرى، ھەر قايسى كومىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش، باش كاتىپ ھەمدە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ

مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئەزالىرىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىدۇ. ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ ئاساسىي تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: دۆلەت رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ نامزاتى بېكىتىلىدۇ؛ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، مۇئاۋىن زۇڭلىلار، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ھەر قايسى مىنىستىرلىكنىڭ مىنىستىرلىرى، ھەر قايسى كومىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش، باش كاتىپ نامزاتى بېكىتىلىدۇ؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ ۋە ئەزالىرىنىڭ نامزاتى بېكىتىلىدۇ. قانۇندا بېكىتىلگەن يۇقىرىقى نامزات كۆرسەتكۈچىلەر كۆرسەتكەن دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملار نامزاتلىرىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ غۇلغۇلا قىلىشى ۋە مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە سۇنىدۇ. يۇقىرىقى تۈرلۈك ۋەزىپىدىكى نامزاتلار بارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئاۋازىغا ئېرىشەلىسە ماقۇللانغان بولىدۇ. بېكىتىلگەن گوۋۇيۈەن تەركىبىدىكى خادىملار نامزاتلىرىنى دۆلەت رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ.

**29. سايلاش بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىشنىڭ قانداق پەرقى بار؟**

سايلاش بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسلىق شەكىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن، ئېرىشكەن بېلەت سانى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن ئاشسا سايلىنىش ياكى ماقۇللىنىش شەكلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەرمۇ بار.

سايلاش خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە كۆرسىتىلگەن دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامزاتلىرىنىڭ شۇ تۈردىكى ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان ـ ئالالمايدىغانلىقى ئۈستىدە بېلەت تاشلاپ تاللاش ئېلىپ بارىدىغان شەكىلدۇر.

ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىش بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى ھەمدە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇندا بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىكى ئالاقىدار خادىملار نامزاتىنى كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، بېلەت تاشلاش ياكى قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ياكى باشقا ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى (مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق ئاۋازغا قويۇش ماشىنىسى) بىلەن كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ شۇ تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان ـ ئالالمايدىغانلىقىنى قارار قىلىدىغان شەكىل.

سايلاش بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىشنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، سايلايدىغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارار قىلىنىدىغان نامزاتلارنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشاش ئەمەس. قانۇندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار، دۆلەت رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى، شۇ دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارار قىلىنىدىغان نامزاتلار بولسا، دۆلەت رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ نامزاتى؛ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ھەر قايسى مىنىستىرلىكنىڭ مىنىستىرلىرى، ھەر قايسى كو-

مىنىستىرلارنىڭ مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش ۋە باش كاتىپ نامزاتلىرى؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەركىبىدىكى باشقا خادىملار نامزاتىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى، سايلايدىغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارار قىلىنىدىغان نامزاتلارنىڭ كۆرسىتىلىش تەرتىپى ئوخشاش بولمايدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلايدىغان دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملار نامزاتىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى كۆرسىتىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى سايلايدىغان دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملار نامزاتىنى ھەيئەت رىياسىتى كۆرسەتسە بولىدۇ، ۋەكىللەر قانۇن بويىچە بىرلىشىپ كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ. ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارار قىلىنىدىغان نامزاتلارنى بولسا قانۇندا بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچىلەرلا كۆرسىتەلەيدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچىلەر كۆرسەتكەن نامزاتلارنى قوللاشقا ياكى رەت قىلىشقىلا بولىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ ئۇندىن باشقا نامزات كۆرسىتىشىگە بولمايدۇ. ئۈچىنچى، سايلايدىغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارار قىلىنىدىغان خادىملارنىڭ ماقۇللىنىش تەرتىپى ئوخشاش بولمايدۇ. سايلاشتا، سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى نامزاتلارنىڭ ئېرىشكەن بېلەت سانىغا ئاساسەن، سايلام نەتىجىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ياكى ئىناۋەتسىزلىكىنى بېكىتىدۇ ھەمدە تۇرلۇك ۋەزىپىگە سايلانغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سايلامنىڭ قانۇني تەرتىپى ئورۇندالغان بولىدۇ. ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارار قىلىنىدىغان خادىملار نامزاتىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن نامزات كۆرسەتكۈچىلەر كۆرسەتكەندىن كېيىن قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىنىڭ بېلەت تاشلاش ياكى باشقا ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاۋاز بېرىشىگە سۇنىدۇ. ئېرىشكەن بېلەت سانى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن ئاشسا، ھەيئەت رىياسىتى ماقۇللانغانلىقى قارار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. قارار قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىشنىڭ قانۇني تەرتىپى ئورۇندالغان بولىدۇ.

**30. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى سايلىغاندا ۋەكىللەر نامزاتلارنى قانداق كۆرسىتىدۇ؟**

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغاندا، ۋەكىللەر قانۇن بويىچە بىرلىشىپ نامزات كۆرسەتسە بولىدۇ. يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 30 دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 20 دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 10 دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ يازما شەكىلدە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى نامزاتىنى كۆرسەتسە بولىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 10 دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ يازما شەكىلدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى نامزاتىنى كۆرسەتسە بولىدۇ. ۋەكىللەر نامزات كۆرسەتكەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

1) بىرلىشىپ نامزات كۆرسەتكەندە، چوقۇم يازما شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشى، بىرلەشكەن ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بىر سايلام رايونى ياكى بىر سايلام ئورنىدىكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ نامزات كۆرسەتسىمۇ، ئوخشاش بولمىغان سايلام رايونى ياكى سايلام ئورنىدىكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ نامزات كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ.

2) بىرلىشىپ نامزات كۆرسەتكەندە، چوقۇم قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى بەلگىلىگەن ۋاقىت چېكى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

3) بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزات سانى سايلىنىدىغان ئادەم سانىدىن ئاز بولسا ياكى ئۇنىڭغا تەڭ

بولسا بولىدۇ. لېكىن سايلىنىدىغان ئادەم ساندىن ئې-
شىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

4) نامزات كۆرسەتكۈچىلەر چوقۇم كۆرسە-
تىلگەن نامزاتلارنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى تەمىن-
لىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن تونۇشتۇرۇشى كې-
رەك.

**31 . تەكلىپ لايىھىسى دېگەن نېمە؟**

تەكلىپ لايىھىسى دېگىنىمىز، قانۇندا بەل-
گىلەنگەن ئورگان ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قانۇنىي تەر-
تىپ بويىچە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى
ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ
قاراپ چىقىشىنى ھەمدە قارار قىلىشىنى تەكلىپ قىل-
غان لايىھىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قانۇندا تەكلىپ لايىھىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قو-
يۇلۇشى، تەكلىپ لايىھىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە بىر تەرەپ
قىلىنىش تەرتىپى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقى-
رىلغان.

(1) تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى
چوقۇم قانۇندا بەلگىلەنگەن ئورگان ياكى ۋەكىللەر بو-
لۇشى كېرەك. مەسىلەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 9 ـ، 10 ـ ماددىلىرىدا،
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى،
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى
، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومى-
تېتلىرى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كو-
مىتېتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق
تەپتىش مەھكىمىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى 30 دىن ئارتۇق ۋە-
كىل بىرلىشىپ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا
تەكلىپ لايىھىسى سۇنسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن،
يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 18 ـ ماددىسىدا، يەرلىك
ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن ئۆتكۈزگەندە،
يىغىن ھەيئەت رىياستى، دائىمىي كومىتېت، مەخ-
سۇس كومىتېتلار، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى،
ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 10 دىن ئارتۇق ۋەكىل
بىرلىشىپ؛ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 5 تىن ئارتۇق ۋەكىل
بىرلىشىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ
لايىھىسى سۇنسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىش قا-
ئىدىسىنىڭ 12 ـ ماددىسىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 32 ـ ماددىسىدا، كو-
مىتېت باشلىقلىرى يىغىنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى، گوۋۇيۈەن،
مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، ئالىي خەلق سوت
مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەم-
لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەك-
لىپ لايىھىسى سۇنسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك
تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 46 ـ ماددىسىدا، ناھىيە دەرىجە-
لىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلار يىغىنى،
ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك
خەلق ھۆكۈمەتلىرى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس
كومىتېتلىرى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋا-
سىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، را-
يون تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دا-
ئىمىي كومىتېتلىرى تەركىبىدىكى خادىملاردىن 5 تىن
ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەكلىپ لايىھىسى سۇنسا
بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

(2) تەكلىپ لايىھىسىنىڭ مەزمۇنى چوقۇم
شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى
دائىرىسىدىكى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئىشلار بو-
لۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى
ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ
ھوقۇق دائىرىسى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەن-
گەن. ئاساسىي قانۇنىنىڭ 62 ـ، 67 ـ ماددىلىرىدا ئاي-
رىم ـ ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
خىزمەت ھوقۇق دائىرىسى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇ-
نىنىڭ 8 ـ، 44 ـ ماددىلىرىدا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن
يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت
ھوقۇق دائىرىسى ئايرىم ـ ئايرىم بەلگىلەنگەن. 9 ـ
ماددىسىدا يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق
قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى

بەلگىلەنگەن. قانۇن بويىچە گوۋۇيۈەن ھەمدە گوۋۇيۈەنگە قاراشلىق تارماقلار، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئورگانلار ياكى باشقا تەشكىلاتلار بىر تەرەپ قىلىدىغان مەسىلىلەر يەنى مەمۇرىي قانۇن، نىزام تۈزۈش، مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشىنى تەڭشەش، ئورگان شتاتىنى تەڭشەش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، ئەمگەك - ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، مەلۇم بىر خىل مەخسۇس مەبلەغنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى تەكلىپ لايىھىسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

(3) تەكلىپ لايىھىسى چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىت چېكى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسەتى بىرىنچى يىغىنىدا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىت چېكى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن تەكلىپ بەرگۈچى ئورگان ۋە ۋەكىللەر يىغىن ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ ياكى يىغىن مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويسىمۇ بولىدۇ. لېكىن چوقۇم يىغىن ھەيئەت رىياسەتى بېكىتكەن ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئاخىرقى ۋاقىت چېكىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

(4) تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا قانۇندا بەلگىلەنگەن تەلەپ بويىچە، تەكلىپ لايىھىسىنىڭ سەۋەبى، ئىسپات - ماتېرىياللار ۋە لايىھىلىرىنى ئېنىق يېزىش لازىم. ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 9 - ماددىسىدا، تەكلىپ لايىھىسىنىڭ لايىھە سەۋەبى، ئاساسلىرى ۋە لايىھىسى بولۇشى كېرەك، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. لايىھە سەۋەبى دېگىنىمىز تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى سەۋەبنى، يەنى ھەل قىلىدىغان مەسىلىنى كۆرسىتىدۇ. لايىھە ئاساسى دېگىنىمىز تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئاساسنى كۆرسىتىدۇ. لايىھە بولسا مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى كونكرېت ئۇسۇل ۋە پىكىرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى قانۇن تۇرغۇزۇش لايىھىسى ياكى قانۇن، يەرلىك نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى بولسا، چوقۇم قوشۇمچە قانۇن، يەرلىك نىزام لايىھىسى ياكى قانۇن، يەرلىك نىزامنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى بولۇشى كېرەك.

**32. ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويغاندا قايسى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟**

تەكلىپ لايىھىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەلەپ بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، تەكلىپ لايىھىسىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنىڭلا قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشىغا دىققەت قىلىپ قالماستىن، يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

1) بىر تەكلىپ لايىھىسىدە بىرلا ئىش بولۇشى كېرەك. يەنى، بىر تەكلىپ لايىھىسىدە پەقەت بىر مەسىلە توغرىسىدىلا سەۋەب، ئاساس ۋە لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

2) قۇرۇلتاي باستۇرۇپ تارقاتقان تەكلىپ لايىھە مەخسۇس قەغىزىنى ئىشلىتىش كېرەك. تەكلىپ لايىھىسىنىڭ ئەستايىدىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، تەكلىپ لايىھىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي بىر تۇتاش مەخسۇس تەكلىپ لايىھە قەغىزى باستۇرىدۇ (ئۇ باش بەت، قوشۇمچە بەت، ئىمزا قويۇش بېتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئۇنى كۆپەيتىپ باستۇرغاندىن كېيىن تولدۇرۇشقا بولمايدۇ، تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۆپەيتكەن نۇسخىسىنى بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. تەييارلاپ قويۇلغان ماتېرىياللار بولسا، ئۇنى لايىھە قەغىزىنىڭ ئالاقىدار كاتەكچىلىرىگە كېسىپ چاپلىسا بولىدۇ. بىر بەتكە پاتمىسا بىر قانچە بەتكە چاپلاشقا بولىدۇ. كۆپەيتىپ باسقاندا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى قاتلىماسلىق كېرەك.

3) بىرلىشىپ تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكا نومۇرى، پوچتا نومۇرى ۋە تەپسىلىي ئادرېسىنى ئېنىق تولدۇرۇشى لازىم. ۋەكىللەر بىرلىشىپ تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويغاندا، كىمنىڭ باش بولۇشىنى ۋەكىللەر ئۆزى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ. ۋەكىللەر بىر تەكلىپ لايىھىسىگە تەكرار ئىمزا قويماسلىقى لازىم.

ۋەكىللەر ئۆمىكى نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ لايىھىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ۋەكىللەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەن بولۇشى ھەم ئۆمەك باشلىقى ئىمزا قويغان بولۇشى كېرەك.

4) يىغىن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپ لايىھىلىرىنى يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەكلىپ لايىھىسى رەتلىك، خەتلىرى ئېنىق يېزىلغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر مەزمۇنىغا كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولسا، قايتا كۆچۈرۈپ يېزىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، يېزىلىشى تەلەپكە لايىق بولماسلىق ئاساسەن، خەتلەر ئىرماش - چىرماش تۇتۇق بولۇش، بولۇپمۇ ئىمزا تۇتۇق بولۇپ پەرقلەندۈرۈش تەس بولۇش، ۋەكىللىك كىنىشكا نومۇرىنى توغرا تولدۇرماسلىق قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

5) ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتاي قاراپ چىققان تۈرلۈك تەكلىپ لايىھىلىرىگە قارىتا پىكرى بولسا، ئالاقىدار يىغىنلاردا بايان قىلسا ياكى پىكىرلەرنى رەتلەپ يازمىچە يىغىن كاتىبات باشقارمىسىغا بىۋاستە بەرسە بولىدۇ. لېكىن ئۇنى تەكلىپ لايىھىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ.



**33. ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش تەرتىپى قايسىلار؟**

تەكلىپ لايىھىسىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى قانۇندا بەلگىلەنگەن بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 10 - ماددىسىدا، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 18 - ماددىسىدا ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىنىڭ 21 - ماددىسىدا، ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويسا، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى ئۇنى يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ھەيئەت رىياسىتى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. (1) يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلىش. (2) يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزمەسلىك. (3) ئالدى بىلەن ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرۇپ، يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا پىكىر ئالغاندىن كېيىن، يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىش. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا مەخسۇس كومىتېت تەسىس قىلىنمىغانلىقتىن، ھەيئەت رىياسىتى پەقەت ئالدىنقى ئىككى خىللا قارار چىقىرالايدۇ. كونكرېت بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك:

1) قۇرۇلتاي كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ لايىھىلىرىنى ھەيئەت رىياسەت ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىپ، دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تاپشۇرىشىمۇ بولىدۇ. ئاخىردا ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىپ قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشقا تاپشۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن قانۇن لايىھىلىرىنى بولسا، ئومۇمىي يىغىندا شۇ قانۇن لايىھىسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شۇنداقلا قانۇن كومىتېتى ۋە ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار قاراپ چىقىدۇ. قانۇن كومىتېتى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن، قانۇن لايىھىسىنى بىر تۇتاش قاراپ چىقىپ ھەيئەت رىياسىتىگە قاراپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدە دوكلات ۋە لايىھىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى تاپشۇرىدۇ. مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر توغرىسىدا قاراپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدىكى دوكلاتتا چۈشەنچە بېرىلىشى كېرەك. ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، يىغىنغا بېسىپ تارقىتىلىدۇ ھەمدە تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى قانۇن لايىھىسى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋاز بېرىشكە سۇنۇلىدۇ. ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىش پىكرى چوقۇم يىغىنغا ۋاقتىدا بېسىپ تارقىتىلىشى لازىم.

يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ

لايىھەلىرىنى قاراپ چىققاندا، يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈرىيىتى بار، دەپ قارالغان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ھەيئەت رىياستى ئوتتۇرىغا قويۇپ قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنى قارار قىلسا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا ھەمدە قۇرۇلتاينىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىدا ئەنگە ئېلىشقا ياكى كېيىنكى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇشقا ھوقۇق بەرسە بولىدۇ.

2) قۇرۇلتاي يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەن تەكلىپ لايىھەلىرىنى يىغىن ھەيئەت رىياستى قاراپ چىقىپ قارار قىلغاندىن كېيىن، ۋەكىللەر بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر سۈپىتىدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ.

3) ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار قاراپ چىقىپ يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھەلىرىنى يىغىن ھەيئەت رىياستى يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ ياكى ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدىكى پىكىرنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ قارار قىلىدۇ.

مەسىلەن، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا جېڭ ياۋتاڭ قاتارلىق 32 ۋەكىل «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1997 - يىلى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرىنى ھەمدە رايون تەشكىلاتلىرىنى قايتا قۇرۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شياڭگاڭدا تەسىس قىلغان سىياسىي رامكىلارنى بىكار قىلىش قارارى چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ» دېگەن تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن ھەيئەت رىياستى تەكلىپ لايىھىسىنى قانۇن كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇردى. قانۇن كومىتېتى قاراپ چىققاندىن كېيىن، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنىغا تەكلىپ لايىھىسىنى قاراپ چىقىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ، بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ مۇناسىپ قارار چىقىرىش تەكلىپىنى بەردى. 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنى قانۇن كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىش دوكلاتىغا ئاساسەن، بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى.

4) قۇرۇلتايغا سۇنۇلغان تەكلىپ لايىھەلىرىنى يىغىندا ئاۋازغا قويۇشتىن ئىلگىرى، تەكلىپ بەرگۈچىلەر قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ھەيئەت رىياستى تەكلىپ لايىھىسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قوشۇلسا، يىغىن شۇ تەكلىپ لايىھىسىنى قاراپ چىقىشنى توختىتىدۇ.

**34 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھەلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولامدۇ؟ قانداق قايتۇرۇۋالىدۇ؟**

ۋەكىللەر قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ۋەكىللەر تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، تەكلىپ بەرگۈچى تەكلىپ لايىھىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، تەكلىپ لايىھىسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قايتۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ. لېكىن، يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ لايىھەلىرى ئاۋاز بېرىشكە تاپشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تەكلىپ بەرگۈچىلەر تەكلىپ لايىھىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، بۇ چوقۇم ھەيئەت رىياستىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. تەكلىپ لايىھىسىنى قايتۇرۇۋېلىش تەلىپى چوقۇم يازما شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى لازىم. تەكلىپ لايىھىسى ئاۋاز بېرىشكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، تەكلىپ بەرگۈچىنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

**35 . ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكرى دېگەن نېمە؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكرى دېگىنىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بەرگەن تۈرلۈك خىزمەتلەر توغرىسىدىكى قاراش، تەۋسىيە، تەشەببۇس، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئادەتتە «ۋەكىللەر تەۋسىيىسى» دەپ قىسقارتىپ ئاتىلىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ھەر قايسى تەرەپلەردىكى خىزمەت توغرىسىدا پىكىر بېرىشى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشتىكى مۇھىم شەكلى.

ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، ئۇ قۇرۇلتايغا بېرىلگەن بولىدۇ. قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بېرىلگەن بولىدۇ.

قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىسى تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.

1) چوقۇم شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بېرىلىشى كېرەك.

2) تەكلىپنىڭ مەزمۇنى چوقۇم ھەر قايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرگە بولغان تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بولۇشى كېرەك. ئالاقىدار تۈرلۈك دېلولار توغرىسىدىكى ئەرز، ئاما ۋەكىللەرنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىنغان خەت-چەك ھەممىدە بەزى ۋەكىللەر ياكى ۋەكىللەر تۇرۇشلۇق ئورۇن ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان مەسىلە قاتارلىقلارنى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

3) تەۋسىيىلەر چوقۇم يازما شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك.

ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش تەرتىپى قانۇندا بەلگىلەنگەن.

**36. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بەرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر قايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرگە قارىتا تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بەرگىنىدە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلغاندىن تاشقىرى يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە كونكرېت مەسىلىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1) بىر تەۋسىيىدە بىر ئىش بولۇشى كېرەك. بىر تەۋسىيىدە بىر ئىش بولۇشى كېرەك دېگىنىمىز، ئىنكاس قىلىنىدىغان ھەر تۈرلۈك پىكىر ۋە تەلەپلەرنى ئايرىم يېزىش، بىر تەۋسىيىدە پەقەت بىر مەسىلە ياكى بىر مەزمۇننىلا سۆزلەش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلغاندا بېجىرگۈچى ئورۇننىڭ تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا بۇنىڭغا چېتىشلىق ئورۇننىڭ كۆپ بولۇپ كېتىپ سەل قارىلىدىغان ياكى چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2) ماۋزۇسى ۋە كونكرېت مەزمۇنى بولۇشى كېرەك. ماۋزۇسى ۋە كونكرېت مەزمۇنى بولۇش ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسى تەلەپ. ماۋزۇ قىسقا، ئېنىق بولۇشى، ئىنكاس قىلىنىدىغان پىكىرلەر ۋە تەلەپلەر ھەممىدە ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەر كونكرېت، ئېنىق بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنى بېجىرگۈچى ئورۇنلار ۋەكىللەر ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئېنىق بىلەلەيدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىگىلىيەلەيدۇ ھەممىدە نەق شۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى قاراتمىلىق ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئەگەر ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر ئابستراكت، قېتىش-قويۇش ياكى قۇرۇق گەپلەرگە تولغان بولسا ياكى مۇلاھىزىلا بولۇپ، كونكرېت پىكىر ۋە تەكلىپ بولمىسا، بېجىرگۈچى ئورۇنلار ۋەكىللەرنىڭ زادى قايسى مەسىلىنى ئىنكاس قىلماقچى بولغانلىقىنى ياكى قايسى مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ. بۇنداق بولغاندا، تەۋسىيە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. مەسىلەن، بەزى تەۋسىيىلەردە پەقەت «خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز» دېگەندەك بىر جۈملە سۆزلا بولۇپ، بۇ تەۋسىيىنى بەرگۈچىنىڭ كۆڭلى ياخشى بولسىمۇ، تەۋسىيىدە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋال ۋە ھەل قىلىش تەلەپ قىلىنغان كونكرېت مەسىلە قاتارلىقلار ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن.

3) يىغىن بىر تۇتاش باستۇرغان باش بەت، قوشۇمچە بەت، ئىمزا قويۇش بېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخسۇس تەۋسىيە قەغىزىنى ئىشلىتىش كېرەك. ۋە-

كىللەر تەۋسىيىسىنىڭ ئەستايىدىللىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، تەۋسىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى بىر تۈتاش مەخسۇس تەۋسىيە قەغىزى باستۇرغان بولۇپ ۋەكىللەر تەۋسىيە بەرگەندە تەۋسىيە مەخسۇس قەغىزىنى ئىشلىتىشى كېرەك. ئەگەر تەۋسىيە ئالدىنئالا باستۇرۇپ تەييارلانغان ماتېرىيال بولسا، تەۋسىيە قەغىزىنىڭ ئالاقىدار كاتەكچىلىرىگە كېسىپ چاپلىشى، بىر بەتكە پاتمىسا، بىر قانچە بەتكە چاپلىشى لازىم. كۆپەيتىپ باسقاندا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتلانماسلىقى ۋە قاتمۇقات قىلىپ قويۇلماسلىقى كېرەك.

4) ۋەكىل ياكى بىر نەچچە ۋەكىل بىرلىشىپ بەرگەن تەۋسىيىلەرگە ھەر بىر ۋەكىل ئۆزى ئىمزا قويۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكا نومۇرى، پوچتا نومۇرى ۋە تەپسىلىي ئالاقىلىشىش ئادرېسىنى ئېنىق تولدۇرۇپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋاقتىدا ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ۋەكىللەر تەۋسىيىسى ۋە ئىمزاسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك.

5) يېزىلىشى رەتلىك، خەتلىرى ئوچۇق بولۇشى كېرەك. ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنىڭ رەتلىك، خەتلىرىنىڭ ئوچۇق بولۇشى خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە، ھەر قايسى ئىش بېجىرگۈچى ئورۇنلار خىزمەتتە قىينىلىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنىڭ يېزىلىشى ئىنتايىن قالايمىقان، تەۋسىيە مەزمۇنى، ۋەكىللەرنىڭ ئىسمى، ئالاقىلىشىش ئادرېسى قاتارلىقلار ئېنىق ئەمەس. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى بېيجىڭدىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋەكىللەرگە پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتكەن تەۋسىيىگە بېرىلگەن جاۋابلاردىن نەچچە يۈز پارچىسى ئادرېسى ئېنىق بولماسلىق ياكى خاتا بولۇش سەۋەبىدىن قايتۇرۇلىدىكەن.

6) بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان دېلولارنى تەۋسىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك. ۋەكىللەر ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلسىلا بولىدۇ.

ۋەكىللەر خەلق ئاممىسى يەتكۈزۈپ بەرگەن ھاۋالە قىلغان تۈرلۈك ئەرز، شىكايەتلەرنى قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىغا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ ئەرزىيەت ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ.

7) خەلق ئاممىسى ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان تۈرلۈك تەكلىپىنى ۋەكىللەر تەۋسىيىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ. بۇلارنى قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ.

8) قايتا بىر ياقلىق قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان مەسىلىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوخشاش بىر مەزمۇندىكى مەسىلىلەر تەكلىپ قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى تەۋسىيە شەكلىدە ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە ئوتتۇرىغا قويماسلىق لازىم.

9) قۇرۇلتاي ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا سۇنۇلغان تەۋسىيىلەردە مەلۇم رەھبەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ياكى باشقا ئورگاننىڭ نامى يېزىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىسى قۇرۇلتاي ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا سۇنۇلغان تەۋسىيە ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ مەلۇم رەھبەر ياكى باشقا ئورگانغا يازغان تەۋسىيىسىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر ياقلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

10) ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلەرنى ھەر ۋاقىت قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ.

(داۋامى بار)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4828065

# شىنجاڭنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىچۈەن فوندىسى تەتقىقات تېمىسى)

ئابدۇكېرىم يۈسۈپ

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان رايون. شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 8 مىليون 696 مىڭ 383 ى يېزىدا ①. يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار مەسىلىسى شىنجاڭدىكى ئەڭ زور مەسىلە. يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار زامانىۋىلاشتۇرۇلمىسا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە دېموكراتىك سىياسىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېزا – بازارلار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماس ھالدا، يېزىلاردىكى كوممۇنا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، يېزا – بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى. بولۇپمۇ 1986 – يىلى گوۋۇيۈەن تارقاتقان «يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلدى ھەم بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت راۋانلاشقان، ھوقۇق تەۋەنگە بېرىلگەن، قانۇن – تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە بولغان، خېلى يۇقىرى سىياسىي، كەسپىي ساپاغا ئىگە كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولغان شىنجاڭ يېزا – بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى قەدەممۇقەدەم ئورنىتىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ يېزا – بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ھاياتىي كۈچكە تولغان، يۇقىرى نوپۇز، ئۈنۈمگە ئىگە بولغان، شىنجاڭ يېزا – بازارلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلالايدىغان ۋە باشقۇرالايدىغان نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. لېكىن رېئاللىققا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ يېزا – بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى يېزا – بازارلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيە تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا – بازار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش تەلىپىگە تولۇق ئۇيغۇنلاشقىنى يوق. شىنجاڭ يېزا – بازار ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا تەتقىق قىلىش، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. شىنجاڭ يېزا – بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى يەنىلا شىنجاڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر ئاجىز ھالقا. شىنجاڭ يېزا – بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا ئومۇملۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى قانداق توغرا تونۇش ھەم يېزا – بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئىنتايىن جىددىي، جاپالىق، مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. ئەپسۇسكى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ بىر قىسىم خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى كادىرلىرىنىڭ يېزا – بازار

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا شىنجاڭ يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كادىرلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى، رولى، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى بەلگىلىگەن. تەتقىقات گۇرۇپپىمىزنىڭ ئىزدىنىشى ۋە شىنجاڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى خىزمىتىنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1. يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پۈتۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە ۋە دۆلەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. دۆلەت ھاكىمىيىتى بىر مۇكەممەل سىستېما. يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ئاساسىي باشقۇرۇش قائىدىسى يېزىلار، دېھقانلار. ئېلىمىزدە دېھقانلار ئاھالىسى مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەنلىكى، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ قانداق بولۇشى يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ئېلىمىز ئىشچى دېھقانلار ئىتتىپاقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، ئۇ خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ بارلىق فۇنكسىيىلىك پائالىيەتلىرى پەقەت ئۇ ئارقىلىقلا رول ئوينايدۇ. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزاملىرى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى خىزمىتى ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىدۇ. ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا ئاساسلانغاندا، يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانلىرىنى تۈزۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت چۈشۈرگەن تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيە سىياسەتلىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ بىۋاسىتە دېھقان - چارۋىچىلارغا يۈزلىنىشى، ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشى ۋە ئۇچرىشىشىدەك ئالاھىدىلىكى، ئۇنى تەبىئىي ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاش ۋاستىسىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ كەڭ، ئەڭ دائىملىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، ئۇ ئاممىنى قوزغاپ ۋە تەشكىللەپ، پارتىيە سىياسەتلىرى، دۆلەت قانۇنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەت بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش جەريانىدا ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەدبىرنى يولغا قويۇش جەريانىدا يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلارنى سېزىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى، تەلىپى ۋە تەنقىد - پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، دەل ۋاقتىدا بىر دەرىجە يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ھەتتا

مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا توغرا يەتكۈزۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ تۈۋەننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشىنىپ، ئەمەلىي تەدبىردىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، توغرا تەدبىر بەلگىلەشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، پارتىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بەلگىلىگەن تەدبىرلەرنىڭ ئەڭ زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. پەقەت يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلىدىغان، يۇقىرى نوپۇز، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە ھاكىمىيەت تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

يېزا، بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى يېزا - بازار خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا خوجا بولۇشى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئەنئەنۋى كوممۇنا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىللەنگەندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ بىۋاسىتە دېموكراتىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولدى. لېكىن شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتى قالاق بولغانلىقتىن، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، خېلى بىر قىسىم كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ساپاسى، دېموكراتىيە ئەنئەنىسى ۋە دېموكراتىيە ئېڭى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، بۇ يېزا - بازار خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان ئامىللاردۇر. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پەقەت يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا، ئاندىن يېزا - بازار خەلق ئاممىسىنى دېموكراتىك ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك تۇرمۇشىدا چېنىقتۇرۇپ، دېموكراتىيە ئېڭىنى ۋە دېموكراتىيە ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك تۇرمۇشىنى تۈزۈملەشتۈرگىلى، يېزا - بازار كادىرلىرىغا بولغان ئاممىۋى نازارەتنى كۈچەيتىپ، بيۇروكراتلىقنى تۈگەتكىلى، كادىرلارنىڭ پاكلىقىنى ساقلىغىلى، يېزا - بازار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى تەشۋىق قىلىش، تەربىيىلەش ۋە تەشكىللەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن ئىستراتېگىيىلىك ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

2. يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش شىنجاڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجى. شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆلىمى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ. ئېلىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق، پاختا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك شارائىتى نىسبەتەن ناچار، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى نىسبەتەن ئاجىز. شىنجاڭ ئۈچ چوڭ تاغ، ئىككى چوڭ ئويمانلىق ئوتتۇرىسىدىكى يېرىم بېكىنمە ھالەتتىكى بوستانلىق تىپىدىكى ئىقتىسادىي رايون، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق، يامغۇر ئاز، شامال كۆپ، يىللىق يېغىن مىقدارى ئاران 150 مىللىمېتىر. تېرىلغۇ يەر ئاز، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران 2.8 مودىن توغرا كېلىدۇ. سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى، قۇملىشىشى، شورلىشىشى ئېغىر. 1997 - يىلى سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش كۆلىمى 146 مىڭ گېكتارغا، شورلاشقان يەر 15 مىليون موغا، قۇملاشقان يەر 100 مىڭ موغا يەتكەن. شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى كەمچىل، تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاران 1.68 پىرسەنت، ② تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز، ھازىرقى زامان سانائىتى يوق دېيەرلىك، يېزا - بازار كارخانىلىرى خام ئەشيا ۋە دەسلەپكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەن، ئىچكى جۇغلاش ئىقتىدارى ئاجىز. كەسىپ قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق، مەبلەغ، كارخانا، ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، ئەمگەك كۈچىنىڭ ساپاسى تۆۋەن، نۇقتىئىينەزەرى كونا، قانائەتچان، يېڭىلىق يارىتىش ئىقـ

تىدارى تۆۋەن، قاتناش، ئۇچۇر، ئالاقە قولايسىز بولۇشتەك ئامىللار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرى تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا. بۇ خىل شىنجاڭ يېزا-بازار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى يېتەرسىزلىكى تەرەققىيات جەريانىدا شەرقىي دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار يولۇقۇپ باقمىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىپىسى بەكمۇ ئېغىر، مۈشكۈل بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ناۋادا بۇنداق تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرسىز بولغان پايدىسىز رىقابەت شارائىتىدا نوقۇل ھالدا بازارنىڭ تەڭشەش كۈچىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان تەرەققىيات پەرقى بارغانسېرى زورىيىدۇ. بۇ پۈتۈن دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇ شىنجاڭ يېزا-بازار ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە يېڭى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئورگانلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش-باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىزچىل ياخشىلاش، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، يېزا-بازارلاردىكى ھەر خىل پايدىسىز شارائىتلار ئېلىپ كەلگەن تەرەققىيات قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ يېزا-بازارلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس يارىتىش كېرەك.

3. يېزا-بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى. شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا، بازار ئىگىلىكى سىستېمىسى دېگەندەك مۇكەممەل، ساغلام ئەمەس. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارلىشىش، تاۋارلىشىش دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك يەنىلا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان دېھقان، چارۋىچى، ئىشلەپچىقارغۇچى، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى كونا، ساپاسى تۆۋەن، قانائەتچان، ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىگىلىك يارىتىش، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئىككى قولىغا تايىنىپ ئۆز تەقدىرى، ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش روھى كەمچىل؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ سانى ئاز، كۆلىمى كىچىك، ئۈنۈمى تۆۋەن، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى كونا، قالاق؛ ئۇلار گوبىيكتىپ، سۇبىيكتىپ شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي پائالىيەتتە خىلمۇخىل قارىغۇلۇق ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماقتا. بۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىللىنىش دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، ۋاسىتىچى تەشكىلاتلار تەرەققىي قىلمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا يېزا-بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ، دېھقان-چارۋىچىلار ئاممىسىنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تۈرلۈك ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى بازار ئىگىلىكى يولىغا كىرگۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپى بىر خىل ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى، تەبىئىي خەۋپ-خەتىرى، بازار خەۋپ-خەتىرى يوق، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پايدىسىز رىقابەت ئورنىدا تۇرىدىغان ئۆل كەسىپ بولغاچقا، بازار رىقابىتى بايلىق، تېخنىكا، مەبلەغ، ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كەسىپلەرگە ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى پايدىسىز تاشقى مۇھىتقا دۇچ كېلىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭمۇ قارىغۇلۇق، تۇرغۇنلۇق، قىسقا مۇددەتلىك قاتارلىق ئىللەتلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىخىيىلىك ئايلىنىشى ئىگىلىكنىڭ داۋالغۇشىنى پەيدا قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، يېزا-بازار ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ئۆز رولىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىنى
قوللاش ، قوغداش ۋە ئىگىلىككە قارىتا تەگىشىش ـ تىز-
گىنلەشنى يولغا قويۇپ ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي
ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك . بۇمۇ ئاساسىي قاتلام ھا-
كىمىيەت تەشكىلاتلىرى بازار ئىگىلىكى ئېھتىياجىغا
ماس ھالدا ئۆز قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ،
تېرىلغۇ يەرلەرنى، ئوتلاقلارنى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش، بازارنىڭ
ئىللەتلىرىنى تۈگىتىشكە دائىر تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر-
لەرنى تۈزۈپ، يولغا قويۇپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق
مەبلەغ توپلاپ، سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ ۋە ئىختىساسلىق
خادىملارنى تەشكىللەپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى كۆپ
خىل تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ ، دېھقانچى-
لىق ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاج-
لىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

4 . يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق
رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك
قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى . مەنىۋى
مەدەنىيلىك دەرىجىسى بىر مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ
ئىدىيە ، ئەخلاق ، مائارىپ ، پەن ، مەدەنىيەت قاتارلىق
جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ
بىر جەمئىيەت ، بىر مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات
سەۋىيىسىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ، ماددىي
مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كاپالى-
تى . شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان نوپۇسى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەچكە
، كەڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرى مەنىۋى
مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بازىسىغا ئايلانغان .
ئىسلاھاتتىن كېيىن شىنجاڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچى-
لىق رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى زور
تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىسلاھات ،
ئېچىۋېتىش ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسى ، بەزى يې-
زا ـ بازار ھاكىمىيەت ئورگانلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئا-
ساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە
بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ، ماددىي مە-
دەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ، مەنىۋى مەدەنىي-
لىك قۇرۇلۇشىغا ، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي
خىزمەتكە سەل قارىشى ، قىسمەن ئاساسىي قاتلام كا-
دىرلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن ، ئىدىيىۋى ئىستىلىدا ئېغىر
مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن ،
دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدە-
نىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئېغىر مەسىلىلەر پەيدا بولدى .
بەزى يېزا ـ بازارلاردا ئاساسىي مائارىپ ئاجىزلىشىپ ،
ئوقۇشتىن قېلىش ھادىسىسى ئېغىرلىشىپ ، ساۋات-
سىزلار كۆپەيسە ، يەنە بەزى يېزا ـ بازارلاردا فېئودال-
لىق ، خۇراپاتلىق ، تار مىللەتچىلىك ، دىنىي ئەسەبىي-
لىك ئەۋج ئالدى . ھەتتا يېزا ـ بازارلاردا ئازادلىقتىن
كېيىن تولۇق يوقىتىلغان زەھەر چېكىش ، نومۇسنى
سېتىشتەك رەزىل ھادىسىلەر پەيدا بولدى ، بەزى يېزا ـ
بازارلاردا ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش
ھەرىكەتلىرى كۆپىيىپ ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئې-
غىر تەھدىت شەكىللەندۈردى . بۇمۇ يېزا ـ بازار ئاساسىي
قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ
ئەڭ تۆۋەن بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، ئاساسىي
قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي ، باشقۇرۇش ، خىز-
مەت قىلىش ، ماسلاشتۇرۇش ، يېتەكچىلىك قىلىش ،
نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، يېزا ـ
بازارلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېز سۈرئەتتە
راۋاجلاندۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . گەرچە يېزا ـ بازار-
لارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىر سىستېما
قۇرۇلۇشى بولۇپ ، ھەر قايسى تەرەپلەردە تىرىشچانلىق
كۆرسىتىش زۆرۈر بولسىمۇ ، لېكىن يېزا ـ بازارلار ئا-
ساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يې-
زا ـ بازار مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش-
نىڭ مۇھىم شەرتى .

---

ئىزاھات :

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى . 99 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى
350 ـ بەت .
«شىنجاڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى» .

② «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» 99 ـ يىلى 5 ـ سان .

( ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ـ
قانۇن ئىنستىتۇتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى
تېلېفون : 61208 ـ 4828065

# يەرلىك نىزاملارنىڭ لايىھەلىرىنى تۈزگۈچى سۇبيېكتلار توغرىسىدا

قەلبىنۇر ئابلەھەت

يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرى يەرلىك نىزام تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپنى كۆرسىتىدۇ. يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۇبيېكتى — يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان تەشكىلاتتىن ئىبارەت. يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈشتىكى قانۇنىي تەرتىپنىڭ مۇھىم ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش دۆلەت قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈم، قانۇنىي تۈزۈم كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ.

يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۇبيېكتلار تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك: ① خەلقچىللىقتا ئىگە بولۇشى لازىم. يەرلىك نىزاملار ئۇنى تۈزۈپ چىققان مەمۇرىي رايوندىكى بارلىق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بولغانلىقتىن، نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار خەلق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا نىزاملارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى، نىزاملارنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ② ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. خەلقنىڭ ئىرادىسىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆرغۈنلىغان پەرقلەر بولۇپ، بۇنداق پەرقلەرنى پۈتۈنلەي قانۇن، قائىدىلەرنىڭ شەكلى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، يەنە كېلىپ خەلق تەشكىلاتلىرى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان بولۇپ، تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقاندىقى نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۇبيېكتلاردا ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇشى، ھەم ھەر تەرەپنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان، ھەم نىسبىي ھالدا مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ③ مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە بولۇشى كېرەك. يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل خىزمەت مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە بىر خىل ھوقۇق ھېسابلىنىدۇ. خەلقچىللىقتا ئىگە بولغان ۋە ۋەكىللىك قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان تەشكىلاتلار بۇ خىل خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ④ رايون خاراكتېرلىك بولۇشى كېرەك. يەرلىك نىزاملار نىزاملارنى تۈزۈپ چىققۇچى مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، پەقەت شۇ رايون ئىچىدىلا قانۇن كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار مۇشۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئىچىدىكى تەشكىلاتلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ھالبۇكى، مەمۇرىي رايون سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىش، تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، يەرلىك نىزاملارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۇبيېكتلار يۇقىرىقى تۆت شەرتنى بىرلا ۋاقىتتا ھازىرلىغان بولۇشى لازىمكى، بىرەرسىمۇ كەم بولماسلىقى كېرەك.

«ئاساسىي قانۇن» ۋە «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن» ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ؛ ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى مەركىزىي شەھەر، چوڭراق بولغان شەھەرلەردىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا يەرلىك نىزام تۈزۈپ چىقىش ھوقۇقىنى بەرگەن، لېكىن يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۇبيېكتنى ئېنىق بەلگىلىمىگەن. ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەر «ئاساسىي قانۇن» نىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن نازارەت قىلىش پرىنسىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ۋە «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن» نىڭ 18 - ماددىسى، 46 - ماددىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى سۇبيېكت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» بويىچە يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۇبيېكتلارنى بەلگىلىدى. ئادەتتە خەلق قۇرۇلتىيىدا يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى سۇبيېكتلار بولسا: قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى، دائىمىي كومىتېت، مەخسۇس كومىتېتلار، ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە بىرلىكتە ئىمزا قويغان 10 دىن ئارتۇق خەلق ۋەكىللىرى بولىدۇ. دائىمىي كومىتېتتا يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى قويغۇچى سۇبيېكتلار بولسا:

مۇدىرلار يىغىنى، مەخسۇس كومىتېتلار، ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، بىرلىكتە ئىمزا قويغان بەش نەپەردىن ئارتۇق دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى بولىدۇ. يۇقىرىقى سۇبيېكتلارنىڭ خەلقچىللىقى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى ئۇلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى، قانۇندا بەلگىلەنگەن روھقا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەمەلىي ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ھەر قايسى يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى سۇبيېكتلارنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئەھۋاللىرى ئوخشاش ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان يەرلىك نىزاملارنىڭ ئىچىدە، بىرمۇنچە تەكلىپ لايىھەلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئاز ساندىكى تەكلىپ لايىھەلەر مۇدىرلار يىغىنى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ناھايىتى ئاز ساندىكى تەكلىپ لايىھەلەرنى مەخسۇس كومىتېتلار ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىككى مەھكىمە ياكى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى ئاساسەن يوق. يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھىلىرىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇۋەرسە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام تۈزۈپ چىقىشتا پاسسىپ ھالەتتىكى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىش كۆرۈشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا تارماقلارغا يان باسىدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر بولسا، قانۇن تۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ۋاقتىدا، % 60 ئەتراپىدىكى سالمىقى ئېغىرراق بولغان نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. مۇدىرلار يىغىنىدا تۈزۈپ چىقماقچى بولغان نىزاملارنىڭ تۈرلىرىنى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتىنىڭ لايىھە تەييارلىشىغا تاپشۇرسا ياكى لايىھە تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، لايىھە تەييارلىشىغا مەخسۇس ئادەملەرنى بەلگىلىسە ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرلىكتە لايىھە تەييارلىشىغا ھاۋالە قىلىسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىن پايدىسى بولىدۇ: بىرىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى نىزاملارنىڭ لايىھەلىرىنى تەييارلاشقا بىۋاسىتە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن لايىھە تەييارلاش خىزمىتىدىكى مۇھىم ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، نىزاملارنىڭ لايىھەلىرىنى تەييارلاپ چىقىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى، ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى، خادىملارنى ۋە خىراجەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كېلىپ چىققان چوڭ ـ چوڭ زىددىيەتلەرنى كېلىشتۈرۈش، خىزمەت سۈرئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا قارىتا ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلالايدۇ. بۇنداق قىلغاندىلا مۇدىرلار يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ نىزام تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا پايدىلىق بولىدۇ، شۇنداقلا دائىمىي كومىتېتنىڭ نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئادىل ۋە باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھىم بولغان كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنپەئەت چېتىشلىقىدىن خالى بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى تەييارلاش جەريانىدا ئادىل بولماسلىق، باراۋەر بولماسلىق قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تارماقلارغا يان بېسىپ كېتىش خاھىشىنى تۈگىتىشكە پايدىلىق بولىدۇ. مۇدىرىيەت يىغىنىدا يەرلىك نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، تارماقلار لايىھىنى تەييارلاشقا قاتناشمايدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق نىزاملارنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى تەييارلاشتا ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مەنپەئەتى جەھەتتىكى تار مەھكىمىچىلىك ئامىللاردىن ئوبيېكتىپ ھالدا ساقلانغىلى بولىدۇ شۇنداقلا يەرلىك قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم يەرلىك قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىدە ئۆز رايونىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن بولىدىغان نىزاملارنى تۈزۈپ چىقالايدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ساقچى مەكتىپى قانۇن كافېدراسىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 4828065 ـ 61208

# ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

پاتىگۈل مۇھەممەت

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۈرۈش قىلغان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيىمىز ئىچىدە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئىدىيە جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئىدىيە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازاد بولۇپ، جەمئىيىتىمىزدە ئۇنىڭ ئۇنۇمى خېلى تېز بولدى. كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمە كۆز قارىشى چۆرۈپ تاشلىنىپ، بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشى تىكلەندى. بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىمۇ خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىر مەسىلىگە بولغان ئوخشاش بولمىغان تونۇشىنى قورقماستىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىدىغان، كومپارتىيىگە تولۇق ئىشىنىپ، يۈكسەك ئالىيجاناپ روھ بىلەن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى.

يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يېڭى رىقابەت، يېڭى ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، پارتىيىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئىدىيىۋى - سىياسىي جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە يولۇققان ۋە خېلى كۆپ ئەگرى - توقاي يوللارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ مەسىلىلەر شىنجاڭدا، ئاساسلىقى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قاتارلىقلاردا مەركەزلىك ئىپادىلەنسە، مەملىكىتىمىزدە «فالۇن گوڭپىسى» ۋەقەسى قاتارلىقلاردا ئىپادىلەندى. شەكلى ئۆزگەرگەن خىلمۇخىل ھەرىكەتلەرنىڭ ماھىيىتى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قايمۇقتۇرۇپ، ئىدىئالىزمنى تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشنى باشتىن ئاخىر تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بېرى مۇنچە مەسىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ چىقىدۇ؟ مەسىلە بەزى جايلار، بەزى تارماقلار ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى بوشاشتۇرۇپ قويغان، ئىدىيىۋى بازىسىنى ئوبدان ئىگىلىمىگەن. مۇشۇنداق بىر قاتار مەسىلىلەرگە قارىتا بىزدە يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، مۇھىملىقىنى، تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى چارە ۋە يېڭى تەدبىر قوللىنىپ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىدەك يۈكسەك تونۇش بولۇشى كېرەك. قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل قىلمىشلارنىڭ ئاممىنى تالىشىش، ئىدىيىۋى بازىنى تالىشىشتەك ئىدىيە، سىياسىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتى بىزنىڭ چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى ۋە بىزنى تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. شۇڭلاشقا، مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەككى، ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قو-

يۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ، بىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى توپلىغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمىزنىڭ ئىلمىي يەكۈنى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىنىۋاتقان، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن تۇرغۇزۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، قانۇننىڭ مەجبۇرلاش كۈچىنى ئاشۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ھەم يۇقىرىلارنىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشقا يېتەكلەشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا زور دەرىجىدە پايدىلىق. پەقەت قانۇن ئارقىلىقلا دۆلەت مەنپەئىتى قوغدىلىدۇ، دۆلەت دۆلەت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، تىنچ، مۇقىم بولغان ياخشى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش نۆۋەتتىكى مۇھىم بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭغا باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى بىر قانچە خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1) نۆۋەتتىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى جامائەتچىلىككە تونۇتۇش كېرەك. تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى بوشاشتۇرۇشنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈش كېرەك. «ھازىرقى دەۋردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەڭ مۇھىم، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەيدىغان خاتا كۆز قاراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقىرىلار ئارىسىدا ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا پىكىرلىشىش، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، كۆز قاراشنى يېڭىلاش، سىياسىي ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئاساسىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ھەقىقىي دۆلەت يۇقىرىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك. تەشۋىقات - تەربىيىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل، مەزمۇنى مول، قايىل قىلارلىق، كۈچلۈك بولۇشى شۇنداقلا يۇقىرىلارنى جەلپ قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇ ئارقىلىق سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىغا تەربىيە بېرىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

2) ئىدىيىمىزنى ھەر ۋاقىت ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مېڭىمىزنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇتۇشىمىز كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنى ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن قوراللانغاندىلا مېڭە سەگەك تۇرىدۇ، ھەر قانداق دۈشمەن كۈچلەر ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، سىياسىي جەھەتتە ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇپ، مەسىلىنى ھەر تەرەپلەردىن كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ ۋە تونۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشىمىز، سوتسىيالىزمغا قارشى ئىدىيىۋى ئېقىم پەيدا بولغاندا قارشى تۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەيدا بولۇش يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ھەر خىل ئىدىيىۋى ئېقىملار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

3) چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، غايە، ئېتىقاد ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. پارتىيىمىز ئارىسىدا چىرىكلىشىشنىڭ پەيدا بولۇشى پارتىيىمىزنىڭ ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ناچار قىلمىش، جۇڭگو كومپارتىيىسى 80 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان دۇنيادا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئالىيجاناپ، ئادىل، ئۇلۇغ، شەرەپلىك ۋە توغرا پارتىيە ئىكەنلىكىنى مول نەتىجىلەر بىلەن تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا،

پارتىيە ئىچىدە چىرىكلىشىشكە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش، ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، تەخىرسىزلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى توغرا تونۇپ، چىرىكلەشكەنلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، قانۇننىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. غايە ۋە ئېتىقاد جەھەتتە كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ھەممە ئىشتا پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىكى پرىنسىپلار بويىچە ئىش كۆرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىگە ئېتىقاد قىلىش، سىياسىي ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش، مەنىۋى تۈۋرۈكنى كۈچەيتىش، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىستەكنى توغرىلاپ، چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك.

4) ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كۈچەيتىلگەندە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ساغلام تەرەققىي قىلالايدۇ. بىر قولدا ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، مەنىۋى ئەخلەتلەرنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئوبرازىغا داغ تەككۈزۈشىدىن ساقلىنىشىمىز، غايە، ئېتىقاد ۋە كۆز قارىشىمىزنى بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ۋەزىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، بىز دۇچ كېلىۋاتقان مۈشكۈل ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى كادىرلار ۋە ئاممىغا ئېنىق تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىيەتنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىش، ئۆز نىشانىنى ئېنىق تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

5) سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشتە يۇقىرىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنچىلىق ئىگىلىكى. ھازىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىلا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. شۇڭلاشقا، پارتىيە بىلەن قارشىلاشقان بىر قىسىم دۈشمەن كۈچلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا يۇقىرىلار ئارىسىدا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات - تەربىيە ئارقىلىق يۇقىرىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. قانۇنچىلىق توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، يۇقىرىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق تاشقى مۇھىت يارىتىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ساغلام بولۇش، باشقۇرۇش قاتتىق بولۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەلەپلەرگە تولۇق يېتىش كېرەك. ئالدى بىلەن يۇقىرىلارنىڭ ئاساسىي قانۇن ئىدىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەممە ئادەم قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان، قانۇنسىز قىلمىشلاردىن ساقلىنىدىغان ۋە ئۆز مەنپەئىتى ۋە دۆلەت مەنپەئىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغدايدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، يۇقىرىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى، ئىشلىرىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنىڭ ئاساسى. ئۇ، يۇقىرىقىدەك بىر قانچە جەھەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان ئۇنداق ئاددىي خىزمەت بولماستىن، بەلكى، سالمىقى زور، دائىرىسى كەڭ، قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولغان دۆلەت مەنپەئىتى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بىز پەقەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، مېڭىمىزنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، غايەت زور ئىشەنچ بىلەن تىرىشىپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان بولساق، ئىدىيىۋى - سىياسىي جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

(ئاپتور شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4802865

# ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى

# ئىسلاھاتى توغرىسىدا

توختىروزى مەتنۇرى

1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى توغرىسىدا جەمئىيەتتە قىزغىن مۇزاكىرە باشلاندى. قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى توغرىسىدا بىر قاتار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەدلىيە ساھەسىدىكىلەر ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۆلىتىمىزدە سوت قىلىش ئۇسۇلى ئىسلاھاتى ئالدى بىلەن ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشتىن باشلاندى. 1991 - يىلى باشلانغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، ھازىر بۇ جەھەتتە خېلى ئېنىق كۆز قاراش ۋە ئەندىزە شەكىللەندى. ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئىسلاھاتنىڭ نىشانى مەسىلىسى قانۇنشۇناسلارنىڭ ۋە ئەدلىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنى بەلگىلەش ھەق تەلەپ ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنى بەلگىلەنگەن نىشانى بويلاپ تەرتىپلىك ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى دەۋا ئاشكارا بولۇش، ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇش، ئادىل بولۇش، دېموكراتىك بولۇش ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشتىن ئىبارەت. ئەدلىيىدە ئادىل بولۇش بولسا، ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي نىشانى.

ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى ئاساسلىقى، سوتتا قاراپ چىقىش ئىقتىدارىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن دەلىل - ئىسپات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى دەۋا ئەندىزىسى نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەق تەلەپ تالاش - تارتىشلىرى قىلىشقان تەرەپلەر باراۋەر بولغان ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى بولۇپ، ئۇلار بازار ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشى داۋامىدا يەنىلا باراۋەر بولغان رىقابەت سۇبيېكتىدۇر. مانا بۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىنى سوت قىلىش داۋامىدا باشتىن ئاخىر دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقى ۋە سۇبيېكتانسىيە ھوقۇقىنى قوغداشتا باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، مانا بۇ ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنىڭ جان تومۇرى. دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سودىيىلەرنىڭ ئەدلىيە جەھەتتە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش ۋە شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كۆز بويامچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، دەۋا دېموكراتىك بولۇش ۋە ئاشكارا سوت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوت قىلىش جەريانىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ئەنئەنىۋى «سوراق قىلىش، جاۋاب بېرىش» تەك سوت قىلىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىش لازىم. مۇشۇ ئارقىلىق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەقىقىي تۈردە «رېپېر» لىك ئورنىدا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋادىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، ئۇلارنىڭ قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئۆزىنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دەۋانىڭ دېموكراتىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، تەرتىپنىڭ ئادىل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئەگەر دەۋالاشقۇچىلار ئۆزىنىڭ دەۋادىكى ھوقۇقىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە تولۇق يۈرگۈزەلمىسە، تەرتىپنىڭ ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. دەۋا تەرتىپى ئادىل بولمىسا، سۇبيېكتانسىيە جەھەتتىن ئادىل بولۇشقىمۇ كاپالەتلىك قىلىش تەس بولىدۇ. شۇڭلاشقا دەۋا دېموكراتىك بولۇش تەرتىپى ئادىل بولۇشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى دېيىمىز.

ھەق تەلەپ دەۋالىرىدا ئاشكارا سوت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، دەۋانىڭ دېموكراتىك بولۇشىغا، تەرتىپنىڭ ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئاچقۇچ. ئاشكارا سوت قىلىش دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بىر مۇھىم سوت قىلىش تۈزۈمى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىشتىكى مۇھىم شەكىل.

جەمئىيەتنىڭ ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى نازارەت قىلىش پىرىنسىپىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى، ئاشكارا سوت قىلىش سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمىتى بىۋاسىتە جەمئىيەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ. ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى داۋامىدا ئىلگىرىكىدەك شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان ئوچۇق سوت قىلىشنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش پائالىيىتىنى ئەركىن، ئازادە ئاڭلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولارنى ئادىل سوت قىلىشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن بەلكى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

ئەدلىيىدە ئادىل بولۇش — تەرتىپ جەھەتتە ئادىل بولۇش ۋە سوبستانسىيە جەھەتتە ئادىل بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرتىپ جەھەتتە ئادىل بولۇش ۋاسىتە، سوبستانسىيە جەھەتتە ئادىل بولۇش نەتىجە. بۇ ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى يەتمەكچى بولغان نىشان. بىز ھەق تەلەپ سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى سوت قىلىش ئۇسۇلى ۋە سوت قىلىش ئادىتىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان سوت قىلىش تۈزۈمىنى قەدەممۇقەدەم ئورنىتىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قانۇن - تۈزۈم كەم بولسا بولمايدىغان كاپالەت. ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا سوت قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئۆزىنى ئەخلاق - قابىلىيەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش جەھەتتىكى تەلەپنى تېخىمۇ يۇقىرراق قويۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئادىل بولمىغان ھۆكۈم - كېسىملەرنىڭ چىقىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**(ئاپتور گوما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)**


مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4828065


## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ۋە جىنايەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

△ بەگلىك ئۇلىنى مۇستەھكەملەشنى خالىساڭ، قانۇن چىقار، ئادالەت يولىنى تۇت.

△ بارلىق بۇلغىنىشلارنى تازىلايمەن دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى تازىلا، ئاندىن خەلقىڭ تازىلىنىدۇ.

△ بارچە خەلققە مېھرىبان بول، ئۇلۇغقىمۇ، كىچىككىمۇ ئوخشاشلا ئادالەتلىك بول.

△ ئەي بەگ، تاقىتىڭ يەتكىچە غەيرەت قىل، خەلققە ئادىل بول، تېگىشلىك ھەسسىسىنى بەر.

△ قانۇننى ئادالەت ئۈستىگە ئورنات، توغرا قانۇن بىلەن بەگلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

△ خەلقىنىڭ خوي - پەيلى بۇزۇلسا، كۆرۈپ تۇرۇپ قويۇۋەتمە، تۈزەت، يول قويما.

△ يامانلار قامچا يېمۇ تۈزەلمىسە، ئۆزۈڭنى ئىمكان قەدەر ئۇلاردىن قوغدا.

△ خەلق بۇزۇلسا ئۇنى بەگلەر تۈزىيدۇ، ئەگەر بەگ بۇزۇلسا ئۇنى كىم تۈزىيدۇ؟

△ يامانغا قوشۇلما، پىتنە - پاساتتىن يىراق بول، بۇ ئىككى قىلىق بىلەن كىشىنىڭ يۈزى قارا بولىدۇ.

△ ئادىل بول، توغرا ئىش قىل، توغرا ھەرىكەت قىل، شۇنداق قىلساڭ يامانلار، ئەگرىلەر قايىل بولىدۇ، ھەرىكىتىنى تۈزەيدۇ.

△ تەتۈر ھەرىكەت قىلىدىغان تەتۈر كىشىلەرنىڭ يامانلىقى چەكلەنمىگىچە، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

△ تىنچلىق ۋە قانۇن مەملىكەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى تەمىنلەيدۇ، ئەل سەندىن خۇشال بولىدۇ.

△ ئەل ئىچىدە خەلققە زۇلۇم قىلىدىغانلارنى يوقات.

△ يامانىنىڭ پەيلىنى جازا بىلەن تۈزەت، يامانغا يامان يارىشىدۇ، سەنمۇ شۇنداق قىل.

△ خەلققە ئادىل قانۇن يۈرگۈز. بىرسىنىڭ ئىككىنچى بىرسىگە زۇلۇم قىلىشىغا يول قويما، ئۇلارنى قوغدا.

△ بارلىق يوللارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلا، قاراقچى، بۇلاڭچىلارنى پاك - پاكىزە تازىلا.

△ ئۆزۈڭ ياخشىلىق قىل، ياخشى قانۇننى يولغا قوي، ئىككىلا دۇنيادا يامانلىق كۆرمەي ياشايسەن.

**ئەھمەت تاشتۆمۈر تەييارلىغان**

# باھالاشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پرىنسىپى

جاڭ يۈەنكۈن

## باھالاشنىڭ ئالاھىدىلىكى

*1. دېموكراتىيىلىكى.* باھالاش خەلق قۇرۇلـ
تىيى ۋەكىللىرى ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى كەڭ تۈردە
توپلىغاندىن كېيىن، بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان نازارەتـ
چىلىك پائالىيىتى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى
جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن بولۇپ،
ئۇچرىشىش دائىرىسى كەڭ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ھەمـ
مىدىن بەك ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاـ
قىتتا، باھالاش خىزمىتىگە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى
، مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتارلىق ئالاقىدار خادىملارنى
قاتناشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئۇلار گەرچە باھالاشنىڭ
سۇبيېكتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پىكرى ئامـ
مىنىڭ ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتـ
تۈرۈپ بېرەلەيدۇ. باھالاش جەريانى دېموكراتىيىنى جارى
قىلدۇرىدىغان، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىدنى قانات
يايدۇرىدىغان جەريان، باھالىنىدىغان ئورۇن ۋە خىزمەـ
تىدىن مەلۇمات بەرگۈچى ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىدىغان
جەريان: باھالىغۇچى ئورۇن ۋە خىزمىتىدىن مەلۇمات
بەرگۈچى ئۆزىنى ئۆزى باھالىغاندا ۋە خىزمىتىدىن مەـ
لۇمات بەرگەندە، نەتىجىسىنىمۇ، يېتەرسىزلىك ۋە
خاتالىقلىرىنىمۇ سۆزلىشى؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلـ
لىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى باھالىنىدىغان ئورۇن
ۋە خىزمىتىدىن مەلۇمات بەرگۈچىنىڭ نەتىجىسىنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ھەم كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى
قاتتىق تەنقىد قىلىشى؛ ھەم دېموكراتىيىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ بەھۇزۇر سۆزلىشىشـ
گە، باھالىغۇچىنىڭ ئىزاھات بېرىشى ۋە ئۆزىنى ئاقـ
لىشىغا يول قويۇش كېرەك. باھالاشنىڭ بۇ دېموكراتىك
ئالاھىدىلىكى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ باھالاـ
ش پائالىيىتىدىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، باھالاشنىڭ
ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، باـ
ھالاش خىزمىتىنى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە
قىلىشتىكى مۇھىم شەرت.

*2. نوپۇزلۇقلىقى.* مەيلى ۋەكىللەرنىڭ باـ
ھالىشى بولسۇن ياكى خىزمەتتىن بېرىلگەن مەلۇماتنى
باھالاش بولسۇن ھەممىسى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا
ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملاردا بېرىلگەن خىزمەت
ھوقۇقى بولۇپ، نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى يۈرـ
گۈزۈش پائالىيىتىدۇر. «سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ناھىيە
دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت
ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بەلگىلىمىسى» دە ۋەكىللەرنى
باھالاشقا تەشكىللەش خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناـ
زارەتچىلىكنى يولغا قويۇش شەكىللىرىنىڭ بىرى قىـ
لىپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. «سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى ھەر
دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىـ
لىك نىزامى» دا باھالىنىدىغان قىسمەن تارماقلارغا قاـ
رىتا باھالىغۇچىلارنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى
توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان. شۇڭا،
باھالاش پائالىيىتى ئادەتتىكى ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىـ
لىش پائالىيىتىگە ئوخشىمايدۇ، باشقا باھالاش ـ تەكـ
شۈرۈش پائالىيىتىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئادەتتىكى ئامـ
مىنىڭ ئادەتتىكى سورۇنلاردىكى مۇلاھىزە، باھالىرىغا
تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى
خادىملارنى تەشكىللەپ قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك ھوـ
قۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بىر خىل شەكىل بولۇپ، سەل
قاراشقا بولمايدۇ. ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە
پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ بېجىرىش،
ۋەكىللەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن رەتكە سېلىش باھالىـ
نىدىغان ئورۇن ۋە خىزمىتىدىن مەلۇمات بەرگۈچىنىڭ
قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتى. باھالاشنىڭ بۇ نوـ
پۇزلۇق ئالاھىدىلىكى باھالاشنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە
قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

*3. ئۇنىۋېرساللىقى.* باھالاش خىزمىتى
كۆپىنچە خىزمەت مەلۇماتى ۋە ئۆز خىزمىتىدىن بەرگەن
دوكلاتنى ئاڭلاش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش،
تەنقىد، تەۋسىيە بېرىش، سۈرۈشتۈرمە قويۇش قاتارلىق
تۆرلۈك ئۇنىۋېرسال ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق
ئېلىپ بېرىلىدۇ. چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرگە يولۇقـ
قاندا، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ سوئال قويۇشىغا
سۇنۇلۇپ، قارار چىقىرىش ئارقىلىق ئالاقىدار خادىمنى
ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا ياكى قالدۇرۇشقىمۇ بوـ

46

لىدۇ. نازارەتچىلىكنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە، باھالاشنى خىزمەت نازارەتچىلىكى بىلەن قانۇن نازارەتچىلىكىگە، نازارەت قىلىدىغان ئىشلار بىلەن ئادەملەرگە، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بىلەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى پاش قىلىش بىلەن ياخشى ئىش ياخشى ئادەملەرنى تەقدىرلەشكە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. نازارەتچىلىكنىڭ سۇبيېكتى جەھەتتە، باھالاشنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى ۋەكىللەر بىلەن ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكىگە، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىگە، مەمۇرىي جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىگە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. باھالاشنىڭ بۇ ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكى نازارەتچىلىكنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە سالمىقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

### باھالاشنىڭ پرىنسىپى

1. *ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش* پرىنسىپى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى. بارلىق خىزمىتىمىزنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى لۇشيەنى. باھالاش خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالايدىغان ۋە قاراپ چىقىدىغان، ئەمەلىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت. بۇ بىزدىن باھالاشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ئىلمىي، راستچىل پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، سۇبيېكتىپ ھالدا پەرەز بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش، مىش - مىش گەپلەردىن ساقلىنىشنى، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلماسلىقنى، چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، خەلق رايىنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي، مول بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك، ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، يوللۇق، ئاساسى بار، قايىل قىلارلىق پىكىر ۋە تەۋسىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، شۇ ئارقىلىق خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش مەقسىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. باھالاشتا ئاددىي ھالدا تۆھپىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ساقلىنىپ، ھەم نەتىجىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەم مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بۇندىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانى ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

2. قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش پرىنسىپى. باھالاش خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، قانۇن خاراكتېرى، سىياسەتچانلىقى، نوپۇزى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت. ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، باھالاش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشتە، ئەڭ مۇھىمى قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قەتئىي تۈردە قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلىرىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. كونكرېت دېلولارغا چېتىلغان ۋاقىتتا، قانۇن، نىزاملارنىڭ ماددىلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك، سۆزنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتكۈل باھالاش پائالىيىتى ئالاقىدار قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، قانۇندىكى بەلگىلىمىدىن ھالقىغان ھالدا ئىش بېجىرىشكە بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، باھالاشنىڭ كەسكىنلىكى ۋە نوپۇزىغا نۇقسان يېتىدۇ.



3. *دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش* پرىنسىپى. يېڭى ۋەزىيەتتىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئىزدىنىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاتنىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىشى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن دېموكراتىك سىياسىي شەكىلدە كەڭ دېموكراتىيە ئاساس قىلىنىشى كېرەك. مەيلى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى بولسۇن، ھەممىسى ۋەكىللەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئالاقە باغلىشى، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەشنى بىرىنچى مۇھىم مەزمۇن قىلىشى كېرەك. بۇ، باھالاشتىن بۇرۇن سايلىغۇچىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى پىكىر ۋە تەۋسىيىلەرنى ئاڭلاپ ۋە توپلاپ، باھالاشتا جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا بىر قەدەر ئەتراپلىق، ئاساسى بار

باھالارنى يۈزتۈرانە ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باھالاشنىڭ سۈزۈك
دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق
باھالاش ئەھۋالى ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا
جەمئىيەتكە ئېلان قىلىش كېرەك. ئېخىمۇ كۆپ ئام-
مىنى باھالاش پائالىيىتىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا قاتنى-
شىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت-
چىلىكى بىلەن ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكى، جامائەت
پىكرى نازارەتچىلىكىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، با-
ھالاش تەسىرىنى كېڭەيتىپ، باھالاشنىڭ ئەمەلىي ئۈ-
نۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

*4. ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش پ-
رىنسىپى.* باھالاش — ۋاسىتە، ياخشىلاش — مەق-
سەت. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنىڭ ئۆز مە-
مۇرىي رايونلىرىدا ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قى-
لىش، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلى-
رىنى ئىلگىرى سۈرۈش باھالاش پائالىيىتىنى قانات
يايدۇرۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرلىشىش
نۇقتىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمە-
يەت بېرىش پرىنسىپىنى باھالاشنىڭ باشتىن ئاخىرى-
غىچە سىڭدۈرۈش كېرەك. باھالاش يىغىنىنىڭ ئالدى-
دىكى ۋە يىغىن جەريانىدىكى باھالاشقا تەييارلىق قىلىش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، باھالاشنىڭ سۈپىتىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، باھالاش بىلەن تۈزىتىشكە
تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، يىغىندىن كېيىن ئۆزگەرتىش
تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇش كې-
رەك. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان باھالاش پىكىرلىرىنى
ماددىمۇماددا، مەسىلىمۇمەسىلە بېجىرىش ۋە ھەل قى-
لىش ھەمدە ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى خ ق دائىمىي
كومىتېتىغا ۋاقتىدا يوللاش كېرەك. خ ق دائىمىي
كومىتېتى تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈ-
چەيتىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا باھالاشقا قاتناشقان
ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، باھالانغان ئورۇنلارنىڭ
ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشى ۋە كۆزدىن كەچۈ-
رۈشى كېرەك.

*5. ئىلھاملاندۇرۇش ـ يېتەكلەش پرىنسىپى.*
باھالاش شەكلى ئارقىلىق نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى
يۈرگۈزۈش، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن
بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش
سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋې-
تىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش —
باھالاشنىڭ تۈپ مەقسىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، باھالاشنىڭ
ئىلھاملاندۇرۇش ـ يېتەكلەش رولىنى كۈچەيتىش كې-
رەك. باھالاش ئارقىلىق يۈنىلىش، نىشان، ئاكتىپ-
چانلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، باھالانغۇچىنىڭ ئىلگى-
رىلىشىگە زور ئىلھام بېرىش كېرەك، باھالاشنىڭ
ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەل-
لەشتۈرۈپ، ئىلغارلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئارقىدا قال-
غانلارنى قامچىلاش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى
يەرلىك تەشكىلىي قانۇن قاتارلىق قانۇنلاردا بېرىلگەن
فۇنكسىيىلىك رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، نەمۇنىلىك
بىلەن قانۇن ئىجرا قىلغان، ھۆكۈمەت ئىشىنى ئادىل
بېجىرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكا-
پاتلىشى كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا مۇناسىۋەتلىك شە-
رەپ گۇۋاھنامىلىرىنى بەرسىمۇ بولىدۇ؛ پارا ئېلىپ
قانۇننى بۇزغان، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قانۇننى
بۇزغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، خىزمەت ۋەزى-
پىسىنى ئادا قىلمىغانلارنىمۇ قەتئىي قانۇن بويىچە بىر
تەرەپ قىلىش كېرەك. ئۇندىن باشقا، يەرلىك پارتكوم-
لار ۋە ئۇنىڭ تەشكىلات ـ كادىرلار تارماقلىرىنىمۇ خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ باھالاش نەتىجىسىنى دۆلەت خىزمەتچى-
لىرىنى يىللىق باھالاش، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش ھەمدە
ئاپپارات ئىسلاھاتىدا كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇشنىڭ
مۇھىم ئاساسى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ باھالاش
ئېلىپ بېرىشتىكى نوپۇزىنى يەنىمۇ تىكلىشى كېرەك.

*6. پارتىيە رەھبەرلىكى پرىنسىپى.* پارتىيە
دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك
يادروسى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە رەھبەر-
لىكىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، بۇ بىر سىياسىي پ-
رىنسىپ، بۇنىڭغا قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بول-
مايدۇ. باھالاش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ بىر
قىسمى بولۇپ، قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي پارتىيە رەھ-
بەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، خ ق
دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى باھالاشنى قانات يايدۇ-
رۇشقا تەشكىللەش ئىشىنى پارتگورۇپپا تەڭ دەرىجىلىك
پارتكومغا دوكلات قىلىشى، باھالاش لايىھەسىنى پارت-
كوم پرىنسىپ جەھەتتىن تەستىقلىشى، باھالاش جەر-

48

يانىدا يولۇققان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر بولسا پارتكومىدىن يوليورۇق سورىشى، باھالاش نەتىجىسىنى پارتكومغا دوكلات قىلىشى لازىم. پارتكومغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەركەز پارتىيىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى قوللاپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىنى قوللاش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى كۈچەيتىم تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشنىڭ لازىملىقىنىمۇ تەكىتلىدى. پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنى قوغدىشى، ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم تەلىپى. پارتىيىنىڭ باھالاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشى پارتكوم شۇجىسىنىڭ باھالاش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىغا قاتنىشىشى بولماستىن، ئەكسىچە، ھالقىلىق مەسىلىلەردە گوتتۇرىغا چىقىپ سۆز قىلىپ يولنى قوللىشىدىن ئىبارەت. پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى بولغاندىلا، باھالاش خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ، مەسىلە كۆرۈلسىمۇ ئاسانلا ھەل بولىدۇ. شۇڭا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش باھالاش خىزمىتىدە چىڭ تۇرىدىغان پرىنسىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باھالاشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر.

«پۇتيەن خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ
1999 - يىل 8 - سانىدىن
تاھىر مامۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 - 4828065



## قانۇن توغرىسىدا ھېكمەتلەر

△ قانۇن قىسقا بولۇش كېرەك، ھەتتا ئۇنى ئاددىي ئادەممۇ يادلىۋالسۇن. — سىنكا

△ قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان ئادەمدەك ياۋۇز ئادەم يوق. — ژ. ساۋۇرنارالا

△ ئالىي ھۆكۈم — ۋىجدانىي ھۆكۈمدۇر. — ۋ. گيۇگو

△ قەيەردە قانۇن تۈگىسە، شۇ يەردە زورلۇق باشلىنىدۇ. — ئو. بىتىت

△ جىنايەتچىلەردە قالغان يىگانە خىسلەت — ۋىجدان ئازابىدۇر. — ف. ۋولتو

△ ئادىل سوتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى ئالدىن ئويلاپ قويۇلغان ناتوغرا مۇلاھىزىلەردۇر.
—ژ. روسسو

△ ئەڭ ياۋۇز زوراۋانلىق — قانۇن ۋە سىياسىيغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئادالەت بايرىقى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بېرىشتۇر. —ش. مونتىسكى

△ تېگىشلىك جازاغا تارتىلغان جىنايەتچى — باشقا مۇتىھەملەر ئۈچۈن ئىبرەت، ناھەق قارىلانغان ئادەم بولسا ھالال ئادەملەرنىڭ ۋىجدانىغا ئېتىلغان تاشتۇر. — لوك

△ قانۇن بىلەن تەرتىپنى قوغداش — مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. — دەننىڭ

ئەھمەد تاشتۆمۈر تەييارلىغان

# «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇش كاپالەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا

رازىيە مۇھەممەت

ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مىللىي مەسىلىنى مۇۋاپىق، توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش دۆلىتىمىز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. پارتىيىمىز ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ 1984 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەر قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنىپ، مىللىي مۇناسىۋەت ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقى مۇستەھكەملەندى. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، گەرچە ئاپتونومىيە قانۇنى يولغا قويۇلۇپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر جەريان بولۇپ، كونا - يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئۆزرۈنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇنغا سەل قاراشتەك ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنىڭ تەسىرى، ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىغا بولغان تونۇشىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، بولۇپمۇ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش كاپالەت مېخانىزمىنىڭ دېگەندەك مۇكەممەل بولماسلىقى، دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن قانۇن بولسىمۇ ئاساسلانماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر كۆرسەتمەكتە. نۆۋەتتە، ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پەيدا بولۇۋاتقان بەزى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر بەلگىلىك دەرىجىدە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ كاپالەت مېخانىزمى كەمچىل بولۇش تۈپەيلىدىن تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇلماسلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئاپتونومىيە قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈزۈم كاپالىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

قانۇن تۈرغۇزۇشنىڭ مەقسىتى ئۇنى يولغا قويۇپ، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا. قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى، ئاساسلىقى تۈزۈلگەن قانۇن سانىنىڭ قانچىلىكلىكى ۋە شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئەمەس، بەلكى تۈزۈلگەن قانۇننىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلغان ياكى قويۇلمىغانلىقىغا باغلىق. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى ئاپتونو-

50

مىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم نىشانىنىڭ بىرى ھەم ئاپتونومىيە قانۇنىغا رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ ھالقىلىق مەسىلىسى. ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشتا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئۇنىڭغا يولغا قويۇش كاپالىتى ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىق ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

مەجبۇرلاش خاراكتېرى قانۇننىڭ ھەممىدىن روشەن خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. شۇڭا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈپ يولغا قويغان مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك «قانۇنىي جاۋابكارلىق» تىن ئىبارەت بىر باب بار. ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاپتونومىيە قانۇنى جەمئىي يەتتە باب، ئۇنىڭدا مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك قانۇنىي جاۋابكارلىق ۋە بازار تۈزۈمى ھەققىدىكى مەخسۇس بەلگىلىمە كەمچىل بولۇپ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ئەمەل قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشىغا باغلىق قىلىپ قويۇلغان. بۇ ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ روشەن يېتەرسىزلىكلىرىدىن بىرى.

جازالاش مەسىلىسى قانۇن ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلە. جازانى بەلگىلەشتىكى مەقسەت قانۇن، پەرمانلارغا رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەنىدىن قانۇنىي جاۋابكارلىق ۋە جازالاش تۈزۈمى قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. ئۇ قانۇن قائىدىسى قۇرۇلمىسىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. پەقەت جاۋابكارلىق ۋە جازالاش تۈزۈمى بولغاندىلا ئاندىن قانۇن - تۈزۈم مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا قانۇن، بەلگىلىمىلەرنىڭ مەجبۇرلاشچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. قانۇن جامائەتنىڭ رىئايە قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇناسىپ قانۇن جاۋابكارلىقى ۋە جازالاش تۈزۈمى بەلگىلەنمىگەنلىكتىن، ئۇ كۈچلۈك يولغا قويۇش كاپالىتىنى يوقاتقان. شۇڭا جياڭ زېمىننىڭ «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن، نىزام سىستېمىسى ۋە كاپالەت مېخانىزمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك» [1] دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا قانۇنىي جاۋابكارلىققا دائىر بىر يۈرۈش چەكلەش، جازالاش خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزۈپ، جازالاش سۇبيېكتى ۋە ئادا قىلىدىغان قانۇنىي تەرتىپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشكەن ئاپتونومىيە قانۇنىي كاپالەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچى، ئۇ ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مەجبۇرلاشچانلىق كۈچىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش نوپۇزىنى تىكلەيدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ھۆكۈم قىلىش ۋە تاللىشىنى ئېنىق ئۆلچەم ھەم ئاقىۋەت بىلەن تەمىنلەپ، ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئازايتىشقا پايدىلىق؛ ئۈچىنچى، ئۇ ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھەر خىل ھوقۇق - مەنپەئەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا پايدىلىق؛ شۇڭا تۈزىتىلگەن ئاپتونومىيە قانۇنىغا قانۇنىي جاۋابكارلىق ۋە جازالاش تۈزۈمى ھەققىدە مەخسۇس بىر باب قوشۇش لازىم ۋە ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

1. ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرى ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ قايسى ھەرىكەتلەرنى دۆلەت قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىشنى بەلگىلەش مەسىلىسى. بۇ ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان ھەرىكەتلەر، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئېزىش ھەرىكەتلىرى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر؛ مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق

تەپتىش مەھكىمىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر؛ مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر؛ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ھەم ياردەم بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر قاتارلىق ئالتە خىل قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

2. ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي جاۋابكارلىقى ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدا قانۇنىي جاۋابكارلىقنىڭ خاراكتېرى، دائىرىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، مەزمۇنى، تۈرى، ئۇنى سۈرۈشتە قىلىدىغان مەخسۇس ئورگانلار ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دۆلەت مەجبۇرلاش كۈچى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەش، ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ جاۋابكارلىقنى ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى، مەمۇرىي ئىشلار جاۋابكارلىقى، ئىقتىسادىي قانۇنىي جاۋابكارلىقى، ئاساسىي قانۇن جاۋابكارلىقى قاتارلىق بەش خىل شەكىلگە بۆلۈش، قايسى خىل جىنايى ھەرىكەتكە قايسى خىل جازا بېرىشنى ئېنىق بەلگىلەش زۆرۈر.

3. ئاپتونومىيە قانۇنىغا تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزۈش كېرەك. چۈنكى ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئاپتونومىيە ئورگىنى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى، ئاپتونوم رايون بىلەن ئاپتونوم رايونلار، ئاپتونوم رايون بىلەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل زىددىيەت ۋە تالاش ـ تارتىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى مۇقەررەر، بۇ تالاش ـ تارتىشلارنى مۇۋاپىق ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تالاش ـ تارتىشلار بارغانسېرى كەۋدىلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا ئاپتونومىيە قانۇنىغا بۇ ھەقتە كونكرېت بەلگىلىمە كىرگۈزۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە دۇنيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەردە بۇ خىل تالاش ـ تارتىشنى ئەڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى ياكى ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى ياكى مەمۇرىي سوت مەھكىمىسى ياكى قانۇن تۈزگۈزۈش ئورگىنى ھەل قىلماقتا. ئېلىمىزدە قارار چىقىرىش بىلەن ئىجرا قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان، ئالىي سوت مەھكىمىسىدە ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى يوق، مەخسۇس ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى ياكى مەمۇرىي سوت مەھكىمىسىمۇ تەسىس قىلىنمىغان، ئاساسىي قانۇن دەۋا تۈزۈمى تېخى ئورنىتىلمىغان. شۇڭا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى، مىللەتلەر كومىتېتى، ئەڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن ئەۋەتىلگەن مۇتەخەسسىسلەردىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاراشلىق بولغان تالاش ـ تارتىشنى تەكشۈرۈش ۋە ھەل قىلىش مەخسۇس كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە قانۇنى كاپالەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئارقىلىق بازار ئىگىلىكى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان مۇكەممەللەشكەن مىللىي قانۇنچىلىق مۇھىتىنى يارىتىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئاساسىدا ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تولۇق يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

ئىزاھات:

① جياڭ زېمىننىڭ 1992 ـ يىلى مەركەزدىكى مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دوگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

# دېھقانلار يامان گەپلەردىن بىزار

ئىدرىس قادىر

مەن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مەلۇم بىر كەنتنىڭ كۆزلۈك بۇغداي تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە بارغانىدىم. بۇ جەرياندا دېھقانلارنىڭ ھەر كۈنى ئېتىزلىقتا سەھەر چىقىپ، كەچ قايتىپ بىردەممۇ ئارام ئالماي ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ تەسىرلەندىم. ۋەھالەنكى، بىر كۈنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئېتىزلىقتا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى، ئۇ ئېغىزىنى ئېچىشى بىلەنلا زۇۋانىدىن ھاقارەتلىك سەت گەپلەر ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى تەلەتىنى بۇزۇپ، جاۋغىيىدىن ماغزاپ ئېقىتىپ، يېرىم سائەتتىن ئارتۇق قايناپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپلەرنىڭ ھەممىسى تېتىقسىز، لاۋزا سۆزلەر بولۇپ، ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. لېكىن يىغىنغا قاتناشقان دېھقانلار بولسا، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىخىرامان ئولتۇرۇشتى، مەن سىرتتىن كەلگەنلىكىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ ـ سۆز قىلىشنى ئەپسىز كۆردۈم. شۇنداقتىمۇ ماڭا يانداش ئولتۇرغان بىر ياش دېھقاندىن «شۇجى شۇنداق ھاقارەتلىك گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ تىللىسىمۇ ئۈن چىقماي ئولتۇرىدىكەنسىلەرغۇ؟» دەپ سورىغانىدىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يېزىغا قايتقان بۇ دېھقان: «بۇ ئۇنىڭ ئادىتى، ھەمىشە يىغىن ئاچسا دەيدىغان گېپى شۇ، ئېغىزىدىن بىر ئېغىزمۇ چىرايلىق گەپ چىقمايدۇ. دېھقانلارغا نېمە ئامال؟ بىزمۇ شۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتىمىز...» دېدى خورسىنغان ھالدا.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا، مەن شۇجى بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، دېھقانلارنى بۇنداق تىللىماي، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن باشقۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغانىدىم. ئۇ خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى: «بۇ ئوغرىلارغا ياخشى گەپ ياراشمايدۇ...» دېگىنىچە ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى. بۇغۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىش. لېكىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر قىسىم يېزا ـ كەنتلەردە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ھە دېسىلا دېھقانلارنىڭ ئانىسىنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى، خوتۇنىنى، قىزلىرىنى چىشلەپ تارتىپ، قەبىھ سۆزلەر بىلەن تىللايدىغان، ھەتتا ئۇرىدىغان قىلمىشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۈز بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا روشەن ئىسپات شۇكى، Y يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بۇ يېزىغا كەلگەندىن بىرى چىرايلىق گەپلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا تىللايدىغان سەت گەپنى ئۆگەنگەن. ئۇ يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ يىغىنلىرىنى ئاچقاندا ئىنتايىن سەت، قوپال سۆزلەر بىلەن ئادەم تىللىغان، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بېرىپ ياۋاش دېھقانلارنى تىللىغان. بۇنىڭ تەسىرىدە ئىلگىرىدىن تارتىپ ئىلمىي ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىقتا ياخشى نام چىقىرىپ كەلگەن بۇ يېزىدا ئادەم تىللاپ ھەيۋە كۆرسىتىپ خىزمەت ئىشلەش بازار تېپىپ قالغان. يەنە يىغىندا B يېزىسىدىن مەھەللىمىزگە كۆچۈپ كەلگەن كەنت كومىتېتى مۇدىرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مۇئاۋىن مۇدىر ئاچچىقى يامان ئادەم بولۇپ، ھە دېسىلا دېھقانلارنى ئۇرۇپ، تىللايدىكەن. مەن ھېلىقى كەنت كادىرىغا «قول ئاستىلىرىڭىزدىكى ھېلىقى مۇئاۋىن مۇدىرغا تەربىيە بېرىپ قويسىلا، دېھقانلارنى ئۇنداق ئۇرۇپ تىللىمىسۇن» دېگەنىدىم. ئۇ: «تەربىيە بېرىپ خېلىلا تۈزەتتۇق. شۇنداقتىمۇ دېھقان خەققە ھەيۋە كۆرسىتىپ، بېسىم بىلەن باشقۇرمىسا بولمايدۇ.» دېدى ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقان ھالدا.

يېزا ـ كەنتلەردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقانلارنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق تىللايدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى مۇنداق: (1) ئىلىم ـ بىلىمدىن ئانچە خەۋىرى يوق قارا قورساق ناچار تەبىئەتلىك كادىرلار ئادەم تىللايدۇ ۋە ئۇرىدۇ. ئۇنداقلار كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن، بەزى ئەسكى ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان، باشقۇرۇشقا بويسۇنمايدىغانلار بولۇپ، قىسمەن كەنتلەر ئۇلارنى تاپقا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كەنتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەھەللە باشلىقى قىلىپ قويغان. ئۇلار دېھقانلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ باشقۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى

قىلىنمىغان. يوقىرىدىكى ئايرىم كادىرلار ئۇلارنى «جېنى بار» دەپ قانات ئاستىغا ئالغان. (2) قىسمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، قانۇن ئېڭى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، قائىدە ئۇقمايدۇ. قارا كۈچ بىلەن ئادەم باشقۇرىدۇ. (3) قىسمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ شەخسىي مۇددىئاسى بولۇپ، زىتىغا، شەخسىيىتىگە تەگكەن ياكى ئۇلارنىڭ ئىللەتلىرىنى بىلىپ قالغان دېھقانلارنى ئۇرۇش ـ تىللاش ئارقىلىق ئۆچىنى ئالىدۇ ۋە ياكى ئۆزى شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆز ئەيىپىنى ياپىدۇ. (4) بەزى كەنت كادىرلىرى خىزمەتتە كەتكۈزۈپ قويۇپ، يۇقىرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغاندا، دەردىنى ئۇرۇش ـ تىللاش ئارقىلىق دېھقانلاردىن ئالغان. (5) قىسمەن دېھقانلار قاشاڭلىق، ھورۇنلۇق، ئەخلاقسىزلىق قىلىپ، كادىرلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ، ئادەم تىللىشى ۋە ئۇرۇشىغا سەۋەب بولغان.

مەيلى قانداق سەۋەبلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەم تىللاش ۋە ئۇرۇش توغرا ئەمەس. ئۇ قانۇنسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە لۈكچەكلىك قىلمىشى. دېھقانلارنى تىللايدىغان ۋە ئۇرىدىغان كادىرلار شۇنى ئويلاپ كۆرۈشى لازىمكى، ئۇلارغا ھوقۇقنى ئاشۇ ئاقكۆڭۈل، جاپاكەش دېھقانلار «بىزنى ياخشى كۈن كۆرۈشكە يېتەكلەيدۇ، بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيدۇ...» دەپ ئىشىنىپ بەرگەن. شۇڭا ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى، بولۇپمۇ يېزا، كەنتلەردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت، ئەلا مۇلازىمەت قىلىشى، دېھقانلارغا بەخت يارىتىش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىشلىشى، پاك ـ دىيانەتلىك، ئادىل، توغرا بولۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ «ئاش بەرگەنگە مۇشت بەر» دېگەندەك ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ، دېھقانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان، ئۇرۇپ تىللايدىغان، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقى كېرەك، دېھقانلاردا سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ئايرىم ھالدا قانۇن ـ قائىدە، سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ، پايدا ـ زىياننى تونۇتۇپ، تەربىيە بېرىشلىرى ۋە ئۇلارنى ئاڭلىقلىققا يېتەكلەش كېرەك.

(ئاپتور قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

△ جىنايەت ھورۇنلۇقتا پەيدا بولىدۇ.

△ پۇلنى دوست تۇتماي، ئادەمنى دوست تۇتۇڭ، بۇنداق دوستلۇق مەڭگۈلۈك بۇزۇلماستۇر.

△ قابىلىيەت بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەتنى ھەقىقىي بىرلەشتۈرەلىگەن ئادەم ياخشى رەھبەر بولالايدۇ.

△ ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىشنىڭ ئۆزى ئۆلگەن كىشىنىڭ قايتىدىن ئۆمۈر سۈرگىنىگە ئوخشاش.

△ ھايا ـــ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك، شەرەپلىك، ئۇلۇغۋار خىسلەتتۇر.

△ ھاياسىزلىق بەختسىز ھاياتنىڭ بېشارىتى.

△ پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، ۋاقتىڭنى ھەرگىز زايا قىلما.

△ ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىق قىلما، ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل، ياخشىلار قاتارىدا بولالمىساڭ، ياخشىلارنىڭ ئەتراپىدا يۈر.

△ ئەگرى يولدىن ئۆزۈڭنى تارتساڭ، توغرا يولدا مەقسەت سېنى كۈتىدۇ.

△ ھەسەتخورغا جازا يوق، چۈنكى ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى ئۆزىگە جازا، ئۇ ئۆز ئىچىدىن سىېسىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ نابۇت بولىدۇ.

△ بەزىلەر كۆرۈنۈشتە خۇددى يۇسۇپتەك كۆرۈنسىمۇ، كۆڭلى بۆرىگە ئوخشايدۇ.

△ ھەرقانداق ئىشقا قوپاللىق قىلىدىغان كىشىلەر پۇشايمان ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

△ تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇلۇق قىلىدىغان كىشىلەر قەرزگە بوغۇلۇپلا تۇرىدۇ.

△ ھەرقانداق كىشى قانائەتلىك بولسا، ئۇنى دەۋران پادىشاھى دەپ بىلمەك كېرەك. نەپسىگە ھېرىسمەن ئادەملەرنى بولسا، زاماندىكى قارا يۈزلەر دەپ چۈشەنمەك كېرەك.

△ قانائەتتىن ئىززەت، تامادىن خورلۇق كېلىدۇ.

ئەھمەد تاشتۆمۈر تەييارلىغان

# نىيە خارابىسىنىڭ بايقىلىشى

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيىسىدىن تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا 100 كىلومېتىر (يول بويىچە ھېسابلىغاندا 120 كىلومېتىر) شىمالىغا جايلاشقان نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولغان 100 يىلدىن بۇيان، ئۆز قوينىدا يوشۇرۇپ ياتقان ئىنتايىن مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تارىخشۇناس، ئارخېئولوگلىرىنىڭ قان تەر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خارابە ھەققىدە تۈنجى مەلۇماتنى بەرگەن ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى سىر ئاۋرىل ستەيىن (1862 ـ 1943) نىڭ نامىمۇ ئوخشاشلا پۈتۈن دۇنياغا تارالدى. ئەمما مەيلى ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە بولسۇن، پەقەت ستەيىننىڭ بۇ خارابىلىقنى ئىلىم ئەھلىگە تۈنجى بولۇپ جاكارلىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ستەيىننى مەزكۇر خارابىلىققا باشلاپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقان ئىبراھىم ھەققىدە سۆز بولۇنمىدى. شۇ سەۋەبلىك مەن بۇ قىسقا ماقالەمدە ستەيىننىڭ خوتەندە قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا قالدۇرغان يازما خاتىرىلىرىدىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىكى قىسمەن مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، ئىبراھىمنىڭ نىيە خارابىسىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا قوشقان تۆھپىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

قەدىمكى دىيار خوتەندە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىشقا ئۆتتەك ئىشتىياق باغلىغان ئاۋرىل ستەيىننىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلتىماس سۇنۇپ: «تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ھازىرقى خوتەننىڭ تەۋەسى قەدىمكى بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بوپتىكەن ...ئەگەر بىرەر ياۋروپالىق ئارخېئولوگ يىپەك يولىدا سىستېمىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغانلا بولسا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چوقۇم تېپىپ چىقالايدۇ» (پېتېر خوپكېرىك، «ئەنگلىيە «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1990 ـ يىل نەشرى. 104 ـ بەتكە قاراڭ) دەپ تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىرى خوتەنگە كېلىپ قېزىش ئېلىپ بېرىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە كالكوتتىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب، دوكتور رودولف هورنىل ھەم ھىندىستاندا ھەممىدىن بەك هوقۇقى بار كىشى ھېسابلىنىدىغان گوبېرناتور كوۋسېن قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قوللاپ مەدەت بېرىشى، ھېسداشلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، تارىم ۋادىسىغا بولغان ئېكسپېدىتسىيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باشلاپ، 1900 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەشمىردىكى سىرىناگاردىن يولغا چىقىپ، سەككىز ھەپتىلىك جاپالىق سەپەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خوتەنگە يېتىپ كېلىدۇ.

ستەيىن خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك ئىشلەمچىلەرنى كۆپلەپ ياللىۋېلىپ، قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەكلىماكان قوينىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تىنچ ئۇيقۇدا ياتقان «دەندان ئۆيلۈك خارابىسى» قاتارلىق بىر قانچە مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش پائالىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى يارىتىدۇ. ئۇ «دەندان ئۆيلۈك خارابىسى» دىكى قېزىشنى تاماملاپ، 1901 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە قەدىمكى زامانىدىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان نىيىدە باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن بۇ يەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 70 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ

ئەترىتىدىكى بىر ئادەم ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئۇستىگە خەت ئويۇلغان ئىككى پارچە تارشا پۈتۈكنى ئاشۇ قەدىمي شەھەردىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى خەتنىڭ قاروشتى (Kharoshthi) يېزىقى (بۇ يېزىق شىنجاڭدا كەم دېگەندە مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى IV ئەسىرگىچە تەخمىنەن 700 يىل ئىشلىتىلگەن) بىلەن يېزىلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم ئۆزاقى يىلى ئۇ يەردە گۆھەر قازىمەن دەپ، ئورۇلۇپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىچىدىن مۇنداق تارشا پۈتۈكتىن بىر قانچە پارچە تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى جۇملىدىن ستەيننىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بەرگەن ئىككى پارچىسىنىمۇ تاشلىۋەتكەنلىكىنى، كېيىن ئۇنىڭ بىر قانچىسىنى يەنە قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، قالغانلىرىنى بالىلارغا ئويۇنچۇق قىلىپ بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ستەيىن تاشلىۋېتىلگەن بۇ ئىككى پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى يول بويىدىن قايتا ئىزدەپ تېپىپ كەلگەن ھېلىقى كىشىگە ناھايىتى كۆپ ھەق بېرىدۇ. بۇ نەرسىنى ھەممىدىن بۇرۇن تېپىۋالغان ئىبراھىم ئىسىملىك بۇ ئادەم بۇنچىۋالا كۆپ ئىنئامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھەسرەتلىنىدۇ. ئەمما ستەيىن ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلماقچى بولىدۇ ھەمدە ئەگەر ئۇلارنى ئۇ ئىلگىرى ياغاچ تاختىنى تېپىۋالغان جايغا باشلاپ بارالىسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن مۇكاپات بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ستەيىنگە يول باشلىغۇچى بولۇپ نىيە خارابىسىغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلار مۇز توڭلىغان نىيە دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان مەشھۇر قەدىمكى شەھەر خارابىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ستەيىن ئىبراھىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن نىيە خارابىسىغا كېلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنى مۇنداق جۈملىگە يىغىنچاقلايدۇ: «مەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تارشا پۈتۈكنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ...كېيىنچە ئۇ شۇ چاغدا ئاشۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ھەممىسىنى قېزىپ چىقىرىپ ئېلىپ كەتمىگىنىگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلغانىدەك كۆرۈنەتتى» («يىپەك يولىدىكى ئەجنەبى ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابنىڭ 137 ـ بېتىگە قاراڭ).

شۇنداق قىلىپ، ستەيىن ئىبراھىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئارخېئولوگ سۈپىتىدە بۇ خارابىلىققا تۇنجى قەدەم بېسىپ 16 كۈن ھارماي ـ تالماي قېزىش ئارقىلىق چىرايلىق نەقىشلەنگەن ئورۇندۇق، ئۆتۈك قېلىپى، كېرىلگەن ئوقيا، رەڭلىك گىلەم، لاي تامغا بىلەن پېچەتلەنگەن نەچچە يۈز پارچە قاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، پۈكلەنگەن خورۇم ئۈستىگە يېزىلغان قاروشتى يېزىقىدىكى بىر ھۆججەت، گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلارنىڭ ئوبرازى سىزىلغان تارشا پۈتۈك ... قاتارلىق كۆپلىگەن ماددىي بۇيۇملارنى قېزىۋېلىپ 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى نىيە خارابىسىدىن ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەن نىيە خارابىسى ستەيىننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ، بىراق ستەيىنگە يول باشلىغان ئىبراھىم ستەيىننى شۇنچە زور شۆھرەتكە ئىگە قىلىش بەدىلىگە كەلگەن ئازغىنە تاپان ھەققىنى ئېلىش بىلەن قانائەتلىنىپ خۇشال بولىدۇ. شۇڭا بىز تارىخقا تارىخي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ نىيە خارابىسى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ستەيىننىڭ تۆھپىسىنىلا تىلغا ئالماستىن بەلكى، «پۇل ئۈچۈن» بولسىمۇ يول باشلاپ بۇ خارابىلىقنىڭ ئىلىم ئەھلىگە ئايان بولۇشىغا كۈچ قوشقان ئۇيغۇر دېھقان ئىبراھىمغىمۇ ھۆرمەت نەزىرىمىزدىن ئازراق بولسىمۇ ئورۇن بېرىشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

(ئاپتور قاراقاش ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065



## خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش

### ــ ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىش يىغىنى ئېچىلدى

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىگە تاپشۇرۇپ بېرىش يىغىنىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ يىغىنغا كەلدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا بېجىرىشكە تاپشۇرۇلىدىغان تەكلىپ بەش پارچە، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەر 771 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى بېجىرىدىغىنى 729 پارچە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بېجىرىدىغىنى 11 پارچە ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بېجىرىدىغىنى تۆت پارچە. بەلگىلىمە بويىچە بۇ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەر بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۈچ ئاي ئىچىدە بېجىرىلىپ بولۇشى، كېچىككەندىمۇ ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بېجىرىلىش نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ بېرىلىشى كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىش چارىسى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق يىغىن هېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن بىرىنچىدىن، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى كونكرېت بېجىرىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چىقىپ قارار قىلغاندىن كېيىن، هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يىغىن بولدى. بۇلار ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى خ ق دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقماي، ئۆز پېتىلا خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرىدىغانلىقىدەك يېڭى نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى ئۆزگىرىش خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسى، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، «خەلق قۇرۇلتىيى ئېڭى» نىڭ كۈندىن كۈنگە يۇكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تاھىر مامۇت
جاڭ مىڭشيا

※ ※ ※ ※ ※

## ئونسۇ ناھىيىسىدە يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ياخشى چاقىرىلدى

ئونسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق توققۇز يېزا، بىر بازاردا 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى چاقىرىلىپ، يىغىن كۈنتەرتىپلىرى تولۇق ئىجرا قىلىنغاندىن تاشقىرى يىغىنلاردا شەكىل-

لىنىدىغان 24 خىلدىن 28 خىللىغىچە يېغىن ھۆججەتلىرى يىغىندىن ئىلگىرى ياخشى تەييارلىنىپ، ۋەكىللەرنىڭ يىغىننىڭ مەزمۇنىدىن ئالدىن خەۋەردار بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يىغىننىڭ تەييارلىقى ياخشى بولغاچقا، ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى يىغىن ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تېلېۋىزوردا تەشۋىق قىلالىدى.

**تۇرسۇن نۇر**

※ ※ ※ ※ ※

## قاراباغ يېزىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

بۇ يېزا بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، كەنتلەردە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يېزا، كەنتلەر بىلەن، كەنتلەر ھەر بىر ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. ھەر بىر كەنتتە بىر ئامانلىق ساقلاش خادىمى قويۇلۇپ، 8200 يۈەن ئاجرىتىلىپ، ئۇلارغا ئۆلچەملىك كىيىم ئېلىپ بېرىلدى. كەنتلەردىمۇ مۇكەممەل ئامانلىق ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ھەر خىل ئارخىپلار ئۆلچەملىك، پۇختا ئىشلەندى. ئون ئائىلە بىرلىك قىلىنىپ، ئون ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يېزىلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئۇزېلى، قارا دوسكا ئارقىلىق قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ئىزچىل چىڭ تۇتۇلدى. 9000 مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، 2300 پارچە «3 ـ بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى سېتىۋېلىنىپ، ھەر بىر ئائىلە بىردىن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئازغان ياشلارغا بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈزلىنىش قىلىشىغا ھەر جەھەتتىن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

**قۇربان سايىم**



## يوپۇرغا ناھىيىسى «خەلق قەلبىنى مايىل قىلىش قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى تاللاش، ئامما ئىنكاس قىلغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ھەر يىلى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن ئون چوڭ ئىش قىلىپ بېرىشنى قارار قىلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغان نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ئاساس ياراتتى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، 11 مىليون 260 مىڭ يۈەن سېلىقنى يېنىكلىتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىگە ئاساسەن ناھىيە بويىچە ئۈچ كەنتنىڭ ھېسابىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، دېھقانلارغا قالايمىقان چېچىۋېتىلگەن 250 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە بەش نەپەر كەنت كادىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن باشلاپ، يەرگە مەبلەغ سېلىش دېھقانلارنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولۇش، يەرلىك ئوغۇت نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ماشىنا مەشغۇلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز كۆلىمىنى، بازىرى ئىتتىك ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، ئاممىنى رازى قىلدى.

**ئابلىمىت توختى**

※ ※ ※ ※ ※

## قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكى «ئۈچ تەرەپ» نى تەڭ رازى قىلدى

قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى س س م ب ئىدارىسى سۇپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى

ئىدارىسى، ئۆلچەم ئىدارىسى، ج خ ئورۇنلىرىدىن خادىملارنى تەشكىللەپ، ھەر قايسى پاختا سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىدا تۇرۇپ نازارەتچىلىك قىلىشقا قويدى. نەتىجىدە بۇلتۇر 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە 20 مىليون 786 مىڭ 3 كىلوگىرام چىگىتلىك پاختا (7 مىليون 746 مىڭ 751 كىلوگىرام ساپ پاختا) سېتىۋېلىپ، ھەر كىلوگىرامنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسىنى 3.19 يۈەندىن ئۆلچەملىك قىممىتى 37.57% كە، يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتىنى 80.45 % كە يەتكۈزدى.

پاختا سېتىۋېلىش جەريانىدا ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسى 12 ئائىلىلىك پاختا ھايانكەشلىرىنىڭ 11 مىڭ كىلوگىرام پاختىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، پاختىكارلارنى زىياندىن ساقلاپ قالدى، بۇ كوممىتېت دۆلەت، شىركەت، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ 3 تەرەپ» نى تەڭ رازى قىلدى.

ئازادگۈل توختىمۇھەممەت

※ ※ ※ ※ ※

## ئۈچتۇرپان ناھىيىسى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون ئاچقان خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى

ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەمەلىيەت بېرىشى بىلەن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون ئاچقان خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىنغا ناھىيىگە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلاردىن 300 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىندا كومىتېت باشلىقى لى پېڭنىڭ مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاچقان ئۆلكە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى، ھامىدىن نىياز، جۇ شېڭتاۋ، جاڭ ۋېنيۈ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئاپتونوم رايون ئاچقان خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزلىرى تولۇق تېكىستى بويىچە يەتكۈزۈلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت مۇھىم بايانلىرى ئۆگىنىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا بۇ قېتىمقى يىغىن روھىنى ھەر قايسى ئىدارە، ئورۇن ۋە يېزا - بازارلاردىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئاممىغا يەتكۈزۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

مۇختار داۋۇت

※ ※ ※ ※ ※

## بارىن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى ۋەكىللەر ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇردى

ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بۇ يېزىدىكى 75 نەپەر ئۈچ دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى سايلام رايونىنى ئاساس قىلىپ 13 ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىغا تەشكىللەپ، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، تۇرلۇك خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇردى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى ئايدا بىر قېتىم ئالاقىلىشىش گۇرۇپپا باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ ۋەكىللەر ۋە سايلىغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر، ئىنكاس قىلىنغان تۇرلۇك تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلەرنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋالدى. ھەر قېتىملىق ھەيئەت رىياسەتتى يىغىنغا ئالاقىلىشىش گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى سىرتتىن قاتناشتۇردى. ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىش بىلەن تۆۋەندىن كەلگەن پىكىر، ئىنكاسلارنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتى ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ھەر قايسى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرىدىن تاپشۇرۇۋالغان تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەر 43 پارچە بولۇپ، بۇنىڭدىن يۇقىرىغا

يوللانغىنى ئالتە پارچە، ھەل قىلىنغىنى 11 پارچە، جاۋاب قايتۇرۇلغىنى 18 پارچە بولۇپ، بىجىرىلىش نىسبىتى 80% كە يەتتى، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان بۇزۇلغان كوۋرۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق تۆت پارچە تەكلىپ ۋاقتىدا بىجىرىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئابدۇرېشىت زۇنۇن

※ ※ ※ ※ ※

## نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1999 ـ يىللىق ۋەكىللەر خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى

نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 1999 ـ يىللىق ۋەكىللەر خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، ھەر قايسى سەپلەردە تىرىشىپ ئىشلەپ، ۋەكىللىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ۋەكىللەر خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تۆت مونەۋۋەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، بەش مونەۋۋەر ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى، بىر مونەۋۋەر دائىمىي رەئىس، ئىككى مونەۋۋەر خ ق ھەيئەت رىياسەتچى ئەزاسىنى ماددىي بويۇملار بىلەن مۇكاپاتلىدى ھەمدە ئۇلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

مەتنۇرى يۈسۈپ

## توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت ئىشخانىسى ئادەتتىكى ئەرز، خەت ـ چەك، شىكايەتلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلغاندىن سىرت، مۇھىم ئەرز، خەت ـ چەكلەرنى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىغا يوللاپ، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل مۇدىرنىڭ يولىيورۇقى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. تەسىر دائىرىسى چوڭ، مۇھىم ۋە چېكىش بولغان ئەرز، خەت ـ چەك، شىكايەت، دېلولارنى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل مۇدىرنىڭ باشچىلىقىدا ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردىن مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، قايتا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

1999 ـ يىلى ئىچىدە خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاما 720 ئادەم (قېتىم) گە، قوبۇل قىلغان ئەرز، خەت ـ چەك شىكايەت دېلولىرى 617 پارچىگە، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرز، شىكايەت دېلولىرى 50 پارچىگە، مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قايتا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇلغان دېلو 30 پارچىگە، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغىنى 168 پارچىگە، خ ق دائىمىي كومىتېتى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغىنى 12 پارچىگە، قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەنگىنى 257 پارچىگە يەتتى.

پەرھات بارات

※ ※ ※ ※ ※

## ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلمىغان ۋەكىل ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن قالدۇرۇلدى

شايار ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى خېيرىنىساخان ئايۇپ ۋەكىل بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، سەۋەبسىز ئىككى قېتىم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتناشمىغان، ۋەكىللىك بۇرچىنىمۇ ئادا قىلمىغان. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى» نىڭ 41 ـ ماددا 3 ـ تارماقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شايار ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى بۇ يىل 1 ـ ئايدا ئېچىلغان ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنى خېيرىنىساخان ئايۇپنى ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن قالدۇردى.

مەخمۇت سايىم

## خىزمەت ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغان خەلق ساقچىسى جازالاندى

لوپ ناھىيە ناۋا يېزىلىق ساقچىخانىسىنىڭ كادىرى ۋاڭ شۇنخې خىزمەت ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، ج خ كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسىغا ئۇچرىدى.

ۋاڭ شۇنخې ناۋا يېزىلىق ساقچىخانىسىنىڭ كادىرى بولۇپ 1999 - يىلى 10 - ئايدا ناۋا يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغانىدى. ئۇ 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن نۆۋەتچىلىك ئورنىدىن سەۋەبسىز ئايرىلىپ، هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ «قورال ئىشلىتىش بەلگىلىمىسى» گە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىگە تارقىتىپ بېرىلگەن «54» تىپلىق يان قورالىنى چىقىرىپ، پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى ئالدىدىكى يولدا ئاسمانغا ۋە ئۇدۇل تەرەپكە قارىتىپ يەتتە پاي ئوق ئېتىپ، ئامما ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزدى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنىڭ خاتالىقىنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى ۋاڭ شۇنخېگە مەمۇرىي جەھەتتىن «چوڭ گۇناھ يېزىش» جازاسى بەردى ھەمدە ج خ قوشۇنىدىن يۆتكىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى.

**ئابدۇللا يۈسۈپ**



سۈرەتتە: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاڭلىماقتا

### سۈرەتلىك خەۋەر

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇمچىدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇمچىدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلانغاندىن بۇيانقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار سېلىقىنىڭ يەڭگىللىتىلىش ئەھۋالى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەھۋالى، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى قاتارلىق ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.



سۈرەتتە: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋۇ دىڭيۈننى يوقلىدى

## ياخشى ئېچىلغان يىغىن، ۋەكىللەر رازى بولغان دوكلات

بۇ يىل 13 - يانۋاردىن 16 - يانۋارغىچە ئېچىلغان نىيە ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى ناھىيە تارىخىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يىغىن بولدى.

1) ناھىيىلىك پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سانلىق يىغىنىنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ ئالدىدا ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پىلان، كۆرسەتكۈچلەرنى ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنى (ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى) نىڭ خىزمەت دوكلاتىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

2) ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ يىلقى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، يىغىن ئېچىلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ۋەكىللەرنى ئۆز جايلىرىدا كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئۇيۇشتۇردى.

3) ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيىدا بېرىلىدىغان دوكلاتلارنى ئەستايىدىل تەييارلاپ، يىغىن ئېچىلىشتىن ئون كۈن بۇرۇن خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

4) ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرنى يىغىن ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى ھەمدە تەشكىلات، تەشۋىقات، كاتىبات، قوغداش، ئارقا سەپ مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى قاتارلىق بەش گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

5) تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن؛ ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىنى رادىئو - تېلېۋىزوردا كەڭ تەشۋىق قىلدى ھەمدە ھەر قايسى ئىدارە، ئورۇنلار دەرۋازا ۋە چوڭ يول ئۈستىگە پىلاكات، شوئار ۋە بايراق چىقارغاندىن سىرت ئون نەچچە ئىدارە، ئورۇن تەشۋىقات سەھىپىسى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە چوڭ يىغىن ئەھۋالىنى رادىئودا ئۇلاپ ئاڭلاتتى ۋە تېلېۋىزوردا كەڭ تەشۋىق قىلدى.

6) يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرى توغرىسىدا كەڭ كۆشادە سۆزلەش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلدى.

قۇرۇلتاينىڭ سايلام خىزمىتىدە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يىغىن ھەيئەت رىياسىتى كۆرسەتكەن نامزاتلار بىلەن ئوندىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزاتلارنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ، ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىنغاچقا، يىغىنغا قاتناشقان 97 ۋەكىلنىڭ يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىپ بېلەت تاشلىشى نەتىجىسىدە، يولداش ئالىمجان مەتىمىن 97 ئاۋازغا ئېرىشىپ نىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندى.

7) ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلتايغا بېرىدىغان دوكلاتلارنى تەييارلاش خىزمىتى بالدۇر تۇتۇش قىلىنغاچقا، دوكلاتلارنىڭ سۈپىتى ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئۆستى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا قارىتا، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ھەر قايسى ئىدارە، كومىتېت ئىشخانا، مەسئۇللىرى يىغىنىنى چاقىرىپ پىكىر ئېلىش، قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ھاكىملار يىغىنىغا سۇنۇپ، 20 مىڭ خەتلىك دوكلاتنى 7000 خەتكە قىسقارتىپ، دوكلاتنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

مەتىمىن قاسىم

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تاھىر ماموت
تېلېفون: 61203 - 4828065

# ئىككى شېئىر

مۇتەللىپ ئەھمەتباقى (كۆيچى)

## دېھقان

كەچمىشنى سۆزلەيدۇ پۈتۈن،
سىزىق تولغان چېھىر ۋە قوللار.
ئېرىپ كېتەر باغرىدا قۇياش،
ئەجرى بىلەن ياشنايدۇ جانلار.

ۋۇجۇدىدىن تارتىمىپ سۆيگۈ،
ھەر گىياھقا بېرىدۇ مېھىر.
بېغىشلايدۇ ھاياتقا شادلىق،
باركىن ئۇندا قانداقچە سېھىر.

## مۇئەللىم

سېنىڭ بىلەن نۇرلىنىپ جاھان،
سېنىڭ بىلەن يورۇيدۇ دىللار.
سېنىڭ بىلەن ئىللىيدۇ ئالەم،
سېنىڭ بىلەن باشلىنىپ باھار.

سېنىڭ بىلەن تارىلىپ ئىرپان،
سېنىڭ بىلەن يوقايدۇ زۇلمەت.
سېنىڭ بىلەن تۇغۇلۇپ ئارمان،
سېنىڭ بىلەن تاپىدۇ نۇسرەت.

سەن ئۆزۈڭنى ئۇنۇتقان ئىنسان،
ئەۋلاد ئۈچۈن پىدا قىلىپ جان.
تەمەناسىز ياشايسەن شۇنداق،
بولۇپ ئەلگە مەڭگۈ پاسىبان.



# ئىككى رۇبائى

پاتىگۈل ھېكىم

قەلبىمگە ئورنىغاچ گۈزەل بىر ئارمان،
يۈرىكىم تېپچەكلەپ بەرمەيدۇ ئارام.
شۇ ئارمان ئۈچۈن گەر ئاتىمىسام جان،
گۈزەل ـ ئۇز بۇ دۇنيا ماڭا مىنىڭ ھارام.

ئەركىنلىك ۋە بەخت قوشكېزەك تۇغقان،
ئەركىنلىك بار يەردە بەخت ھەم بولغان.
ئەجدادلار، ئەۋلادلار بۇنى بىلگەچ چىن،
ئەركىنلىك بەختىچۈن يا قىلىچ تۇتقان.

# ئاھ، بىرلىككە كېلەتتى ۋەتەن

مۇختار يۈسۈپ

سىياسەتنىڭ نورى ئاستىدا،
ئاۋمىن شياڭگاڭ قايتتى ۋەتەنگە.
«قاچان قايتىپ كېلىدىكىن» دەپ،
ھەممە كۆزلەر چۈشتى تەيۋەنگە.

بىزدىن ئۇزاق ئايرىلىپ تەيۋەن،
نېچۈن قىسىپ تۇرىدۇ بويۇن.
ئەمدى بىزگە«ئىككى جۇڭگو» دەپ،
كۆرسەتمىسۇن چەت ئەللىك ئويۇن.

جۇڭگولۇقنىڭ يېرى ئەزەلدىن،
گۆھەر ئارال بىباھا تەيۋەن.
قايتىپ كەلسەڭ سەنمۇ بىر يولى،
ئاھ بىرلىككە كېلەتتى ۋەتەن.

# كېيىن دەپ تۇۋندىم ئىچە يۈرتۈم ساڭا

مۇتەللىپجان مۇھەممەد (ھىجرانى)

قەدىمى قۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدا دەل،
توغراقلار بوي سوزغان خىلۋەت ماكان بار.
ھەر قېتىم باغرىغا باسقاندا قەدەم،
شادلىقىم قەلبىمدىن كۆۋجەپ تاشار.

يوق بۇندا شەھەرنىڭ سۇرەن ـ شاۋقۇنى،
يوق بۇندا رېستوران مەيخانىلار ھەم.
يوق بۇنداق ئىس ـ تۈتەك بۇلغىنىش ئەسلا،
بۇ جاينىڭ ھاۋاسى ئۆزگىچە بىر تەم...

تورغايلار ھەر ھەسەر باشلايدۇ ناۋا،
جۆر بولۇپ چوپاننىڭ ناخشا ئاۋازى.
قېلىشماس جەننەتتىن باغى ئىرەمدىن،
يۇرتۇمنىڭ شۇ گۈلگۈن باھارى ـ يازى.

نېمە دەپ سۈپەتلەي يۇرتۇم ھۆسنىنى،
قەلىمىم بەك چولتا قەلىمىم ئاجىز.
كېيىن دەپ تىۋندىم پەقەت بىر ساڭا،
رىزامەن تاۋابىم بولسىلا جايىز!

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى
تېلېفون: 4828065 ـ 61208

تەرمىلەر

## ئېگىلىش

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان فرانكلىن ياش ۋاقتىدا بىر ئاقساقالنى يوقلاپ بېرىپتۇ، ئۇ كۆكرىكىنى كېرىپ مەردانە قەدەم تاشلاپ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، ئىشىكنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇسسۇۋاپتۇ، ئۇ پېشانىسىنى سىلىغاچ ئۆزىدىن پاكار ئىشىككە قاراپ تورۇشىغا ئاقساقال چىقىپ كەپتۇ. ئۇ فرانكلىننىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، كۈلۈك تۇرۇپ: «قاتتىق ئاغرىغان ئوخشىمامدۇ! لېكىن بۇ سىزنىڭ بۈگۈن مېنى يوقلاپ كېلىشىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ ھاسىلات. بىر ئادەم بۇ دۇنيادا خاتىرجەم، تىنچ ياشىيمەن دېسەڭ، چوقۇم ئېگىلىشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك، بۇمۇ مېنىڭ سىزگە ئۆگەتمەكچى بولغان نەرسىلىرىمنىڭ بىرى» دەپتۇ.

فرانكلىن بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن ئېرىشكەن تەجرىبە ـ ساۋاقنى ئەڭ چوڭ ھاسىلات دەپ قاراپ، ئۇنى تۇرمۇش مىزانىغا كىرگۈزۈپتۇ. بۇنىڭ فرانكلىننىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۇلۇغ زاتقا ئايلىنىشىغا ناھايىتى چوڭ ياردىمى بوپتۇ.

ياشلارنىڭ ئەڭ ئوڭاي سادىر قىلىدىغان ئورتاق سەۋەنلىكى شۇكى، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا نەزەرىنى ھەمىشە يۇقىرىغا تىكىپ، ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئەسلا نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ. تاكى ئاخىرى بىر كۈنى كۆز ئالدىدىكى ئىشىكنىڭ بېشىغا ئۇسسۇۋالغاندىن كېيىنلا ئىشىكنىڭ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن خېلىلا پاكار ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

ئىشىكتىن كىرىش ئۈچۈن، ئېگىلىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن، باشنى ئېگىشتۇرۇپ، بەلنى ئېگىپ يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرى پەللىگە چىققان ئاشۇ مۇۋەپپىقىيەت قازانغۇچىلار مەيلى سەھنىدە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىسۇن، مەيلى باشقا ئېگىز يەردە تۇرۇپ سۆز قىلسۇن، دائىم سەل ـ پەل ئېگىشىپ ئادەملەر توپىغا نەزەر سالىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى ئېگىزدە؛ تۆۋەندە تۇرغان نەچچە مىڭ ئادەم بولسا ھەمىشە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنبەردىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا قارايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى پەستە.

پەقەت پەستە تۇرغان ئادەملەرلا دائىم غادىيىۋالىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە ھېچنەرسە بولمىغاچقا، پەقەت يۇقىرىغىلا قارىيالايدۇ.

قاھار ئوسمان تەرجىمىسى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بىجىرىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



يىغىن مەيدانى

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بىجىرىش چارىسى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بىجىرىشكە تاپشۇرۇش يىغىنى 25 - فېۋرال ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى، دائىمىي كومىتېت ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى مۇئاۋىن رەئىس جاڭ ۋېنيۈگە ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە سۇنغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تاپشۇرۇپ بەردى.



مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلىغا ۋەكىللەر سۇنغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تاپشۇرۇپ بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مەھەممەت ئىسمايىل ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا ۋەكىللەر سۇنغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تاپشۇرۇپ بەردى.



مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلىغا ۋەكىللەر سۇنغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تاپشۇرۇپ بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.



قۇملۇق تاشيولى

...ەت لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ شىنپىڭ


مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033 D-W باھاسى 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433